ئابلىمىت ئەھەت بۆگۆ

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئابلىمىت ئەھەت بوگو

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:  تۇرسۇن ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى:  ئابلىمىت ئەھەت بوگۇ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  ئەكبەر سالىھ

ياخشىلىق باغرى كەڭ ئىنسان بىلەن ياشا،
بىغۇبار ھۆر ياشلىق ئاسمىنىڭ بىلەن ياشا.
كىبرىڭنى، مەيۋە كەبى، لەيلە كەبى تاشلاپ،
خەيرخاھ [illegible] ئەزىزلار سۆزى بىلەن ياشا.

— روزى سايىت

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

ئابلىمىت ئەھەت بوگۇ

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى : 830046 )
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 787×1092 1/16 ، باسما تاۋىقى : 34.75
2002 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2007 - يىل 4 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى : 500 4 — 001 3

ISBN 7 — 5631 — 1623 — 0/H.30
باھاسى : 45.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


فونېمىلارنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك كۆرسەتكۈچى ........ 1

**مۇقەددىمە** ........ 1

1. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ........ 1

2. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ «چاغاتاي» نامى بىلەن ئاتىلىشى ........ 2

3. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ........ 3

**بىرىنچى يېزىق** ........ 10

1. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ........ 10

2. ھەرپ ۋە ئېلىپبە ........ 12

1) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر ........ 12

2) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ........ 12

3) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى (باسما شەكلى) ........ 14

قوشۇمچە: تاۋۇشلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بويىچە ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 16

3. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياردەمچى بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ........ 18

ياردەمچى بەلگىلەر ........ 18

ياردەمچى بەلگىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ........ 18

ھەمزىنىڭ ئىپادە شەكىللىرى ........ 21

**I چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى** ........ 25

1. سوزۇق تاۋۇشلار ........ 25

2. ئۈزۈك تاۋۇشلار ........ 45

**II بەزى ھەرپلەرنىڭ قوليازمىلاردىكى شەكىللىرى** ........ 56

قوشۇمچە: ئوقۇش مەشىقى ........ 62

**ئىككىنچى بوغۇم تۈزۈلۈشى ۋە قىسمەن فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر** ........ 72

1. بوغۇم تۈزۈلۈشى ........ 72

2. قىسمەن فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر ........ 75

3. قوشۇمچىلارنىڭ تەلەپپۇزى ........ 88

**ئۈچىنچى قىسمەن ئەرەبچە، پارسچە تەركىبلەر** ........ 94

1. «ال» نىڭ ئىملاسى ........ 94

2. ھىجرىيە ئاي نامىلىرى ...... 95

3. ئەبجەد ھېسابى ...... 96

4. پارسچە ئىزافەتنىڭ ئىملاسى ...... 97

5. ئىككى خىل شەكىلدە كەلگەن قىسمەن پارسچە سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ...... 98

6. پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ...... 100

1) سۆز ئالدى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ...... 100

2) سۆز ئارقا ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ...... 102

**تۆتىنچى ھەرپ ۋە ھۆسنىخەت ئۆرنەكلىرى ...... 124**

1. تەئلىق شەكلى ...... 124

2. نەسخ شەكلى ...... 125

3. سۇلۇس شەكلى ...... 126

4. دىۋانى شەكلى ...... 127

5. جەللى دىۋانى شەكلى ...... 128

6. رىقئە شەكلى ...... 129

7. كوللىگرافىك مەشىق ...... 133

**بەشىنچى ئوقۇشلۇق ...... 148**

1. پارچىلار ...... 148

2. پارچىلار ...... 164

3. «دىۋانى نەۋبەتى»دىن پارچە ...... 177

تېكىست (1) ...... 178

تېكىست (2) ...... 186

4. ئابدۇرېھىم نىزارى: «لەيلى ـ مەجنۇن»دىن پارچە ...... 199

تېكىست (1) ...... 200

تېكىست (2) ...... 212

5. بەش پارچە ھۆججەت ...... 222

6. زەلىلى: «تەزكىرەئى خاجە مۇھەممەد شەرىف بۇزۇرگۋار»دىن پارچە ...... 232

7. مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دىن پارچە ...... 246

8. «دىۋانى گۇمنام»دىن پارچە ...... 254

9. ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى: «مەنتىقۇت ـ تەير»دىن پارچە ...... 265

تېكىست (1) ...... 266

تېكىست (2) ...... 283

10. موللاسىدىق يەركەندى: «نەسرىي خەمسە نەۋائى»دىن پارچە ...... 298

«سەددى ئىسكەندەرىي» دىن پارچە ...... 299

«پەرھاد ـ شىرىن»دىن پارچە ...... 306

11. «دىۋانى زۇھۇرى»دىن پارچە ...... 317

تېكىست (1) ...... 318

تېكىست (2) ...... 329

12. «دىۋانى ئەرشى»دىن پارچە ...... 339

تېكىست (1) ...... 340

تېكىست (2) ...... 362

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

13. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە» دىن پارچە ......................... 385
14. نەۋائى: «داستانى پادىشاھ ئىسكەندەر» دىن پارچە ......................... 392
تېكىست (1) ......................................................... 393
تېكىست (2) ......................................................... 409
15. نەۋائى: «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» تىن پارچە ......................... 417
تېكىست (1) ......................................................... 418
تېكىست (2) ......................................................... 434
16. نەۋائى: «غەرايىبۇس - سىغەر» دىن پارچە ......................... 452
تېكىست (1) ......................................................... 453
تېكىست (2) ......................................................... 465
**ئالتىنچى ئىندېكس** ......................................................... 479
**يەتتىنچى قىسمەن ئىبارىلەر** ......................................................... 525
**پايدىلانغان ماتېرىياللار** ......................................................... 546

www.uyghurkitap.com

# فونېملارنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك كۆرسەتكۈچى

(فونېملارنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە «كومپيۇتېر ساھەسىدە بىرلىككە كەلگەن تۇنجى ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى» ئاساس قىلىندى.)

| ھەرپ | ترانسكرىپسىيىسى | مىسال | |
|---|---|---|---|
| ئا | Aa | اب | ab |
| ئە | Aä | ادب | ädäb |
| ب | Bb | بلبل | bulbul |
| پ | Pp | پالچيغ | palchigh |
| ت | Tt | تمنا | tämänna |
| ج | Jj | جاهل | jahil |
| چ | CH ch | چاقين | chaqin |
| (ح) | Hh | حقوق | huquq |
| خ | Xx | خامه | xamä |
| د | Dd | دود | dud |
| (ذ) | Zz | ذكات | zäkat |
| ر | Rr | راه | rah |
| ز | Zz | زمستان | zimistan |
| ژ | Zh | ژاله | Zhalä |
| س | Ss | سفيد | säfid |
| ش | SH sh | شكايت | shikayät |
| (ص) | Ss | صاحب | sahib |
| (ض) | Zz | ضبط | zäbt |
| (ط) | Tt | طويل | täwil |

| | | | |
|---|---|---|---|
| zäfär | ظفر | Zz | (ظ) |
| rä'na | رعنا | | (ع) |
| ghurbät | غربت | Gh gh | غ |
| färaghät | فراغت | Ff | ف |
| qädäm | قدم | Qq | ق |
| kar | كار | Kk | ك |
| gärdun | گردون | Gg | گ |
| läyl | ليل | Ll | ل |
| mämläkät | مملكت | Mm | م |
| näghmä | نغمه | Nn | ن |
| häzar | هزار | Hh | ھ |
| osal | اوسال | Oo | ئو |
| uslub | اسلوب | Uu | ئۇ |
| öksük | اوكسوک | Öö | ئۆ |
| üzük | اوزوک | üü | ئۈ |
| **wätän** | **وطن** | **Ww** | **ۋ** |
| **etäk** | **ايتاك** | **Ee** | **ئې** |
| ikram | اكرام | Ii | ئى |
| yalang | يلانگ | ng | ڭ |
| yäkta | يكتا | Yy | ي |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

## 1. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئورتاق قوللانغان يېزىق ئەدەبىي تىلى ئادەتتە «تۈركىي تىل»، «تۈركچە»، «قەشقەر تۈركچىسى» دېگەن ناملاردا ئاتىلىش بىلەن بىللە «چاغاتاي تىلى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ئەدەبىي تىل قاراخانىيلار دەۋرىدە مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن «تۈرك تىلى» ياكى «خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدە «كاشغەر تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەسلىدە ئۆزىگە ئاساس بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ئۇ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان بىر قاتار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە خېلى دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ تەۋەلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. بەلكى پەقەت چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ئورناتقان «چاغاتاي خانلىقى» قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ بۇ تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغانلىقى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك.

**چاغاتاي تىلى دېگەن بۇ نام گەرچە ئۆز دەۋرىدە ئانچە كۆپ قوللىنىلمىغان بولسىمۇ،** لېكىن بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ زامان ۋە ماكان جەھەتتىن بىرقەدەر ئېنىق ئاجرىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىم ساھەسىدە ئومۇمەن مۇشۇ ئاتالغۇ قوللىنىلماقتا.①

چاغاتاي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاقانىيە (قاراخانىيلار) ياكى قەشقەر تىلى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇر - قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق تىلى بۇ تىلغا دىئالېكت **ئاساسى بولۇپ بەرگەن. يەنى چاغاتاي تىلى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككى** ۋارىيانتى (خاقانىيە ياكى «كاشغەر تىلى» بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى) پۈتۈنلەي بىرلىشىپ كېتىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ فونېتىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى تۈپ قائىدىلىرى بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندى شۇ ئىككى ئەدەبىي تىلغا ئاساس بولغان ئىدىقۇت ۋە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ جانلىق تىلىدىن كەلگەن. ئۇ مەيلى قانداق تىل، قانداق دىئالېكت شارائىتىدا قوللىنىلمىسۇن، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان بۇ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان.②

---

① مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 - يىل 1 - سان).

② ئىبراھىم مۇتىئى: «چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى.»

«چاغاتاي تىلى» دېگەن بۇ نام ئومۇمەن XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئالتە ئەسىرلىك جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ «چاغاتاي» نامى بىلەن ئاتىلىشى

تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇڭا ئىجتىمائىي ئامىل مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

XIII ئەسىرگە كەلگەندە، موڭغۇللارنىڭ يولباشچىسى چىڭگىزخان زور قوشۇن توپلاپ شەرقتىن غەربكە قاراپ ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئۆز تېررىتورىيىسىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيت-تى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆز تەۋەلىكىدىكى رايونلاردىن ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ، ئامۇ دەرياسىغىچە — ماۋەرا ئۇننەھر ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىن ئىبارەت بىپايان زېمىننى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا مىراس تەرىقىسىدە بۆلۈپ بەرگەنىدى. چاغاتاي ۋاپاتىدىن كېيىن چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ بىپايان زېمىندا ئاساسىي كۆچكە ئايلىنىپ چاغاتاي خانلىقىنى قۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چاغاتاي ئەۋلادلىرى مەيلى قانداق نام بىلەن قانداق خانلىقلارنى قۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، «چاغاتاي» دېگەن نامنى ئىزچىل قوللاندى. خۇددى «چاغاتاي ئۇلۇسى»، «چاغاتاي ئېلى» دېگەن ئاتالغۇمۇ بۇ زېمىندىكى ھاكىمىيەت دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسى مەزمۇنىدا رەسمىيلىشىپ قالغىنىغا ئوخشاش، بۇ خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوبۇل قىلغان، ئەينى دەۋردە بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان، خانلىقنىڭ پۈتكۈل سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىمۇ XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى-رىدىن ئېتىبارەن «تۈركىي تىل»، «تۈركچە»، «چاغاتاي تۈركچىسى» دەپ ئاتىلىش بىلەن بىرگە، «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەن رەسمىيلەشتى.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئالەمشۇمۇل شاھانە ئەسەرلەرنى يېزىپ دۇنيادا شۆھرەت قازانغان، **ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئۇلۇغ شائىر، ئالىم، مۇتەپەككۇر، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى ئەلىشىر نەۋائى (1441—1501) ئۆزىنىڭ دىۋانىغا يازغان كىرىش** سۆزىدە چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى ۋە مەۋلانا سەككاكى ئۈستىدە توختىلىپ: «...... ئۇيغۇر ئىبارەتىنىڭ فۇسەھاسىدىن، تۈرك **ئەلفازىنىڭ بۇلەغاسىدىن مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتفىكىم، بىرىنىڭ شېرىن ئەبياتىنىڭ ئىشتىھارى تۈركىستاندا بىغايەت ۋە بىرىنىڭ غەزەلىييات ئىنتىشارى ئىراق ۋە خۇراساندا** بىنىھايەتدۇرۇر...»[1] دەپ يازغان بولسا، ھىجرىيە 1306ـ يىلى (مىلادىيە 1888—1889)

① [illegible] ھىجرىيە 1211ـ يىلى موللا نەزەر خەلپەت تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولىيازمىنىڭ «دىباچە» سىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان «قامۇسۇل ـ ئەئلام» نىڭ ئاپتورى شەمسۇددىن سامىمۇ بۇتىل ئۈستىدە توختىلىپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىي تەرەققىياتتا ئەڭ ئالغا كەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى»، «چاغاتاي خان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ چاغدىن تارتىپ چاغاتاي تىلى دەپ مەشھۇر بولغان...» دەپ يازغان.

بىرەر شەيئىنى مەنىداش ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلەش چاغاتاي تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. نەۋائى لۇتفى بىلەن سەككاكىنى تەرىپلىگەندە «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈرك سۆزلىرىنىڭ ماھىرلىرىدىن» دېگەن مەنىداش سۆزلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، شۇ چاغدىكى «تۈرك تىلى» ياكى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلنىڭ ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇر تىلى» ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

دېمەك، بۇ تىلنىڭ «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قېلىشى، بىرىنچىدىن، چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ئورناتقان «چاغاتاي خانلىقى» قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ بۇ تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى، يەنى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن بىرقەدەر ئېنىق ئاجرىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى؛ ئۈچىنچىدىن، چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىندا قوللىنىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىكەنلىكى؛ يەنە بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى تارىخىي ئاتاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## 3. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ئاۋۋالقى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى)، كلاسسىك چاغاتاي تىلى باسقۇچى (چاغاتاي تىلىنىڭ كلاسسىك دەۋرى)، كېيىنكى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى) قاتارلىق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن.①

1) ئاۋۋالقى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى): بۇنىڭ **يىل چېكى XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى مۆلچەرلىنىدۇ.**

**بۇ دەۋرگە ۋەكىللىك** خاراكتېردە خارەزمى، يۈسۈپ ئەمىرى، ئاتائى، سەككاكى، **لۇتفى**، ئەھمەدى، يەقىنى... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» نىڭ كىرىش سۆزىدە دېيىلگىنىدەك:

XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماۋەرا ئۇننەھىردە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان لۇتفى، ئاتائى، سەككاكىلارنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدۇر. بۇ مەزگىللەردە تۈركىي تىللار تۈركۇ-

① يۇقىرىقى ماقالىگە قاراڭ.

مىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا پارس تىلىنىڭ تەسىرى بەك كۈچىيىپ، مىللىي (تۈركىي) ئەدەبىي تىل چەتكە قېقىلىشقا باشلىغانىدى. بەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك، بۇ چاغدا، تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتىنى مۇشۇنداق ھالاكەت خەۋپىدىن پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى قۇتقۇزۇۋېلىپ قالدى. بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشتا لۇتفى، ئاتائى، سەككاكىلار، بولۇپمۇ كېيىنرەك ئەلىشىر نەۋائى چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر تىلىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈپ، يەنە بىر ئاجايىپ زور گۈزەل شېئىرىيەت دۇنياسىنى ئاچتى. بەزىلەر بۇ ئەدەبىياتنىڭ تىلىنى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەلىشىر نەۋائى ئۇنى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتايدۇ. بۇ تىلنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ لېكسىكىلىق جەھەتتىن ئەرەب، پارس، تۈركىي (ئاساسەن ئۇيغۇر) تىللىرىدىن ئارىلاشما، گراماتىكىلىق جەھەتتىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن. نەۋائىنىڭ قارىشىچە، لۇتفى، سەككاكىلار ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ كامالەتكە يەتكەن پېشىۋالىرىدۇر. نەۋائىنىڭ ئۆزىمۇ ئەنە شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە ئالەمشۇمۇل يىرىك ئەسەرلەرنى ياراتقان…

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىلىرى ئاساسىدا قۇدرەتلىك بىر چوڭ ھاكىمىيەت شەكىللىنىپ «قاراخانىيلار» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قاراخانىيلار خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ۋە ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. بۇ ھال قاراخانىيلار دائىرىسىدىكى بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشتى. شۇنداق قىلىپ، قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى بىر تەرەپتىن ئەنئەنىۋى تۈرك ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى تۈرك ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە سىڭدۈردى.

قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە يېڭىدىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ـ ئىسلام مەدەنىيىتى تېز سۈرئەت بىلەن گۈللەپ ياشىنىدى. تىلشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تېبابەتچىلىك، ھۈنەر ـ كەسىپ، قىسقىسى، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش — قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىسىنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىغا ئايلانغانىدى.

X ئەسىردىن كېيىن قاراخانىيلار زېمىنىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىسلام شارائىتىدىكى بىر ۋارىيانتى — «خاقانىيە» تىلى شەكىللىنىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلدى. خاقانىيە تىلى XIII ئەسىردىن كېيىن «كاشغەر تىلى» دەپ ئاتىلىپ، قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا XIV ئەسىرگىچە قوللىنىلدى. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى دۆلەت تىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلىۋاتقان «كاشغەر تىلى» بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. نەتىجىدە XIV ئەسىردىن باشلاپ فونېتىكا، گراماتىكا ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئالاھىدىلىك- لەرنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ خېلى زور دەرىجىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر يېزىق ئەدەبىي تىلى — چاغاتاي تىلى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ ئەدەبىي تىل XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇكەممەل ئىپادىسىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ كلاسسىك دەۋرىگە كىردى (يۇقىرىقى ماقالىگە قاراڭ).

2) كلاسسىك چاغاتاي تىلى باسقۇچى (چاغاتاي تىلىنىڭ كلاسسىك دەۋرى): چاغاتاي تىلىنىڭ كلاسسىك دەۋرى XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 150 يىل جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدە چاغاتاي تىلىنىڭ كامالەتكە يەتكەن، ئالدىنقى دەۋرگە نىسبەتەن كۆپ تۇراقلىققا ئىگە بولغان، قېلىپلاشقان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئالدىنقى دەۋرگە قارىغاندا يۇقىرى، شۇڭا كۆپ ھاللاردا «چاغاتاي تىلى» دېيىلگەندە، ئاساسەن مۇشۇ دەۋردىكى يېزىق ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ داۋامى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئودالىزم جەمئىيىتى گۈللىنىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن، چاغاتاي خان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇششاق يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن ۋە پەن - مەدەنىيەت جەھەتتە قايتىدىن گۈللەپ ياشناشقا يۈزلەنگەن دەۋر ئىدى. كلاسسىك چاغاتاي تىلى دەۋرىنىڭ پېشۋاسى ئەلىشىر نەۋائى ئەنە شۇ دەۋردە يۇقىرى مەدەنىيەتلىك كىشىلەر مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى - ئەدەبىياتىنى يارىتىش، خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، تىل ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق بىلەن يېقىنلاشتۇرۇش يولىدا بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلدى ۋە شۇ مەقسەتتە ئانا تىلىدا «چاھاردىۋان» («خەزايىنۇلمەئانى»)، «خەمسە»، «مەجالىسۇن - نەفائىس»، «مىزانۇل - ئەۋزان»، «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين»، «مەھبۇبۇل - قۇلۇب»… قاتارلىق ئۆلمەس شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

3) كېيىنكى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى): بۇ دەۋر XVII ئەسىرنىڭ بېشىدىن XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە چاغاتاي تىلى خەلقىمىزنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا، ھەرقايسى رايونلاردا ئۆزىگە خاس يۈنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلدى.

XVII ئەسىردىن باشلاپ چاغاتاي تىلى نەۋائى ئەنئەنىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا قەشقەر جانلىق تىلىنىڭ ئىجابىي ئامىللىرىغا يۆلىنىپ، ئاۋۋال جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ رايونلىرىدا خىرقەتى، خەراباتى، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا مۇسا سايرامى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، خامۇشاخۇن يەركەندى… قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدە، كېيىنچە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى رايونلىرىدا موللا بىلال (نازىم)، زۇھۇرى، سېيىت مۇھەممەد قاشى… قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدە ئۆز تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇردى (يۇقىرىقى ماقالىگە قاراڭ).

بۇلاردىن باشقا يەنە XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۈزۈلگەن، 18 مىڭ سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەتمۇ چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى — ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

※ ※

ئومۇمەن، XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 600 يىلغا يېقىن جەرياندا ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان مول يازما مىراسلىرىمىزنى خاتىرىلەشتە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلى — چاغاتاي تىلى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تارىخىي جەريانلاردا ھەرقايسى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش بىلەن بىللە، ھەرقايسى دەۋرلەردە بەرپا بولغان ھەر خىل مەدەنىيەتلەردىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئوزۇق ئېلىپ، ئالاھىدە بىر مىللىي شەكىل بىلەن بېيىپ تەرەققىي قىلدى.

مەلۇمكى، ئەجدادلىرىمىز ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان يېزىق تىلىدىن پايدىلانغان. ئالايلۇق، بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يازما يادىكارلىقلىرىمىز بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ، مىلادىيە V ئەسىردىن IX ئەسىرگىچە قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى؛ IX ئەسىردىن XIII—XIV ئەسىرگىچە قوللىنىلغان ئوتتۇرا ئەسىر (ئوتتۇرا قەدىمكى زامان) ئۇيغۇر تىلى؛ XIV ئەسىردىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان چاغاتاي (ئوتتۇرا يېقىنقى زامان) ئۇيغۇر تىلى قاتارلىقلار.

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېيىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ھازىرغا قەدەر تېپىلغان ماددىي پاكىت ۋە تىل-يېزىق يادىكارلىقلىرىمىزنى كۆزەتكىنىمىزدە، بۇ تىلنىڭ لېكسىكىسى، جۈملىدىن فونېتىكا ۋە گراماتىكىسى غەيرىي تىللاردىن، بولۇپمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىدىن ئاساسەن دېگۈدەك خالىي ئىدى. بىراق ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەدرىجىي ئۆتۈشۈشى نەتىجىسىدە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلى تەركىبىگە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن تۇرمۇش، دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاز بولمىغان سۆز - ئاتالغۇلار سىڭىپ كىردى. گەرچە چاغاتاي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋارىسى بولغان ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ تىلغا لېكسىكا جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ گراماتىكىسىغا خاس بىر قىسىم قوشۇمچىلارمۇ تەدرىجىي سىڭىپ كىردى. دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا خاس نۇرغۇن سۆز - ئاتالغۇلار تىل تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ۋە دەۋر تەلىپى بويىچە مەلۇم دەرىجىدە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىدى. بەزى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. خېلى بىر قىسىم سۆزلەردە مەنە جەھەتتىن كېڭىيىش، تارىيىش ۋە كۆچۈشكە ئوخشاش تۈرلۈك دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، بەزى سۆزلەر دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزىگە بەزەن يېڭى مەنىلەرنى يۈكلىگەن بولسا، يەنە بەزى سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىسمەن ئابستراكت مەنىلىرىنى يوقىتىپ كونكرېت مەنىسىنى ساقلاپ قالدى. يەنە بەزى سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىنى پۈتۈنلەي ياكى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىپ، ئەسلىدىكى مەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا يېڭى مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆزلەرگە ئۆزگىرىپ كەتتى. گەرچە چاغاتاي تىلى لېكسىكىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى لېكسىكىسىدىكى بىر مۇنچە سۆز - ئىبارىلەر ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىلدا ئەسلىدە بار بولغان خېلى بىر قىسىم سۆزلەر ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىن چۈشۈپ قالدى ياكى پاراللېل قوللىنىلدى. مەسىلەن: .

كوك [kök] — فلك [fäläk] ، اسمان [asman] ، گردون [gärdun] ، جرخ [chärx]

ات [at] — اسب [äsb] ، رخش [räxsh] ، سمند [sämänd] ، ابرش [äbräsh]

يۈز [yüz] — عارض [ʹaräz] ، عزار [ʹuzar] ، چهره [chehrä] ، روى [roy]

اجل [äjäl] ، ارواح [ärwah] ، بخت [bäxt] ، حسرت [häsrät] ، وجود [wujud] ،

انتظار [intizar] ، كرامت [käramät] ، مجـروح [mäjruh] ، رسالـه [risalä] ،

اواره [äwarä] ، تماشا [tämasha] ، ...

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| اسرو | [äsru] | = | كوب | [köp] |
| اوكسوك | [öksük] | = | كم | [käm] |
| اسروك | [ösrük] | = | مست | [mäst] |
| تموغ～تاموغ | [tamugh～tämugh] | | دوزخ | [däwzäx] |
| تابوغ～تبوغ | [tabugh～täbugh] | = | خدمت | [xidmät] |
| اسيغ～اسيغ | [asigh～äsigh] | = | فايده～فائده | [fayidä～faidä] |
| اجون | [ajun] | = | دنيا، عالم | [dunya, aläm] |
| اوجماق | [uchmaq] | = | جنت | [jännät] |
| بيليك | [bilik] | = | علم | [ʹilm] |
| يازوق | [yazuq] | = | گناه | [gunah] |
| تانوق ～ تانوغ | [tanuq ～ tanugh] | = | گواه | [guwah] |

شۇنىڭدەك، پارسچە سۆز ئالدى ۋە سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان بىر قىسىم سۆزلەر، جۈملىدىن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە ياردەمچى سۆزلەرمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرىپ ئۈنۈملۈك ئۆزلىشىپ كەتتى. «قىلماق» [qilmaq] ، «اتماك» [ätmäk] ، «ايلاماك» [äylämäk] ، «بولماق» [bolmaq] ياكى «اولماق» [olmaq] قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارنىڭ ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرگە قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان قوشما پېئىللار ھەممە ئەرەب تىلى ياكى پارس تىلىغا تەقلىد قىلىنغان سۆز بىرىكمىلىرى ـ ئىبارىلەر كۆپەيدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىقتىسادتىكى يۈكسىلىش، يېزىق سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ئەگىشىپ، «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئومۇمىي، مىللىي ئەدەبىي تىلى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ تىل گەرچە لېكسىكا جەھەتتە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، فونېتىكا جەھەتتىكى مەلۇم ئۆزگىرىشلەر، گراماتىكا جەھەتتىكى تاكامۇللىشىش قاتارلىق بەلگىلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ تىلدا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى خېلى دەرىجىدە ساقلانغان ھەممە شۇ ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس بولغان.

مورفولوگىيىلىك ئېلېمېنتلار — مورفېمىلاردا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا

كېلىپ، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە ئىسىملارنىڭ تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرىدىن شەخس، سان، كېلىش قوشۇمچىلىرى، پېئىل زامانلىرى، پېئىل دەرىجىلىرى ۋە مەيىللىرى ھەمدە سۈپەتداش، رەۋىشداش ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، سۆز بىرىكمىلىرى، جۈملە شەكىللىرى تەرەققىي قىلىپ، مۇقىملىشىپ (ئايرىم ئەھۋاللار بۇنىڭ سىرتىدا)، ئاساسىي جەھەتتىن قېلىپلاشقان سىستېما شەكلىگە كىرگەن.

ئىجابىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپىنچە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دائىرىسىدە بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىنى ئۆزگەرتىۋېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىدى. ئەلۋەتتە، تىلشۇناسلىق ۋە تىل تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تىل ئۆزئارا ئۆتۈشىدۇ، يەنى بىر ـ بىرىدىن ئۆزئارا سۆز قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن بىرەر تىلدىكى سۈپەت ئۆزگىرىش شۇ تىلدىكى قىسمەن لېكسىكىلىق ئامىللارغا باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن فونېتىكىلىق سىستېمىسى بىلەن گراماتىكىلىق سىستېمىسى ۋە ئاساسىي لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، چاغاتاي تىلىغا قوبۇل قىلىنغان ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر مەيلى تۈپ سۆز ياكى ياسالما سۆزلەر بولسۇن، ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاچقا، پەقەت تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشتا، مەنىداش سۆزلەرنى كۆپەيتىش جەھەتتە بەلگىلىك رول ئويناپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل سۆز ـ ئاتالغۇلار ئۇزۇن مۇددەت قوللىنىش جەريانىدا تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇ ھالەتتە ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋرىمىزدىمۇ ئىزچىل ئىستېمال قىلىنماقتا.

شۇنداقتىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى بىر قىسىم سۆزلەر كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولمىغاچقا، يەنىلا ئەتراپلىق ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ـ ئۆگىنىش جەھەتتە چاغاتاي تىلىنى بىر كۆۋرۈك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
2. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەينى دەۋردە قانداق ناملار بىلەن ئاتالغان؟ بۇ ھەقتە نېمىلەرنى بىلىسىز؟
3. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قانداق شەكىللەنگەن؟
4. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ئاساسى قايسى؟
5. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى نېمە ئۈچۈن ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان بىر قاتار ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە خېلى دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ دەيمىز؟
6. نېمە ئۈچۈن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ تەۋەلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس دەيمىز؟
7. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى نېمە ئۈچۈن «چاغاتاي» نامى بىلەن ئاتالغان؟ بۇ ھەقتە نېمىلەرنى بىلىسىز؟
8. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات جەريانىدا قايسى باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن؟ ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟
9. ئاۋۋالقى چاغاتاي تىلى باسقۇچى ۋە بۇ دەۋردىكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن قايسىلارنى بىلىسىز؟
10. كلاسسىك چاغاتاي تىلى باسقۇچى ۋە بۇ دەۋردىكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن قايسىلارنى بىلىسىز؟
11. كېيىنكى چاغاتاي تىلى باسقۇچى ۋە بۇ دەۋردىكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن قايسىلارنى بىلىسىز؟
12. نېمە ئۈچۈن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا كلاسسىك چاغاتاي تىلى باسقۇچى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ دەيمىز؟
13. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى.
14. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى.
15. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى.

# بىرىنچى يېزىق

## 1. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى

«چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالغان بۇ يېزىق — XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان مول يازما مىراسلىرىمىزنى خاتىرىلەشتە قوللىنىلغان يېزىق.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن خاقانىيە يېزىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن يېزىق بولۇپ، ئۇ «ھەمزە» (ء)، «ۋاۋئەلىف» (او) ۋە «يائەلىف» (اي-)تىن باشقا مۇقىم 33 ھەرپ ۋە ئون خىل ياردەمچى بەلگىدىن تەركىب تاپقان، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولىدىغان سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەرمۇ مەزكۇر ھەرپلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن دەسلەپكى يېزىق ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە ھەرخىل ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈرلۈك يېزىقلارنى قوللانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي سىستېمىلاشقان يېزىقتىن پايدىلىنىپ قالدۇرغان يادىكارلىقلىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى 1600 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۇيغۇرلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براھمىچە تۈرك يېزىقى، قوجۇ يېزىقى، سوغدى يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، مانى يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق بىر قانچە خىل يېزىقلارنى قوللىنىپ، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ كەلدى[①].

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قەدىمكى تۈرك - رونىك يېزىقى (ئورخۇن-يېنسەي يېزىقى) مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا تۈرك يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە؛ ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە قىسمەن ئەرەب يېزىقى يادىكارلىقلىرىدا؛ ئوتتۇرا - يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى XIV ئەسىرلەردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن ئۇيغۇر (چاغاتاي) يېزىقىدا پۈتۈلگەن يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى، پۈتۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن ئومۇمىي يېزىق بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ

---

① ئابدۇقېيۇم خوجا: «ئۇيغۇر يېزىق تارىخى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1993 - يىل 1 - سانىغا قاراڭ).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرىشى بىلەن دىنىي ـ ئىجتىمائىي ھۆكۈمرانلىقىغا ئوخشاش، ئەرەب يېزىقىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاستا ـ ئاستا سىقىپ چىقىرىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. نەتىجىدە دەسلەپ ئەرەب، پارس يېزىقلىرىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى كۆپ ئۆزگەرتىلمىگەن ھالدا تۈزۈلگەن قاراخانىيلار يېزىقى مەلۇم دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلىنى بىرقەدەر توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان «چاغاتاي يېزىقى» بارلىققا كەلدى. بۇ يېزىق چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان ھەمدە چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەمۇرىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىن «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ دەۋر ھەم ئۇزۇن بىر مۇددەتلىك ئىكەنلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ھەم كەڭ تارقىلىشى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مول مېۋىلىك بىر ئالتۇن دەۋرى ئىكەنلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى ياكى يېزىق تارىخىدا ئەڭ ئۇزۇن جەريان — ئالەمشۇمۇل بىر تارىخىي جەريان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چاغاتاي يېزىقى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداش تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە ۋە ئۇزۇن زامان قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب ھەرپلىرى دەسلەپ ئۇيغۇر تىلىغا تامامەن ئۇيغۇنلىشىپمۇ كېتەلمىدى. بولۇپمۇ سوزۇق تاۋۇشلار بىر قانچە ياردەمچى بەلگە بىلەنلا ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، سوزۇق تاۋۇشنى كۆرسەتكۈچى بۇ خىل بەلگىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوزۇق تاۋۇش سىستېمىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئېلىپبە بىلەن باغلىق بولغان بۇ خىل قۇسۇرلار ئۇزاق تارىخىي جەريان داۋامىدا دەۋرمۇ دەۋر تەدرىجىي ھالدا تۈگىتىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك نورمىلىرىغا بىرقەدەر مۇۋاپىقلاشقان ئېلىپبە ۋۇجۇدقا چىقتى.

※ ※

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ـ ئىبارىلەر خېلىلا كۆپ بولۇپ، بۇ سۆز ـ ئىبارىلەر ئەرەب، پارس يېزىقلىرىدىكى شەكلى بويىچە يېزىلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تاۋۇش سىستېمىسىنىڭ يار بېرىشىچە تەلەپپۇز قىلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنغان. مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە دەسلەپ، ئۇنىڭدا ئەرەب يېزىقىدىكى بارلىق ھەرپلەر، ئۇلارنىڭ قوللىنىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ياردەمچى بەلگىلەر تولۇق قوبۇل قىلىنىش بىلەنلا قالماستىن، تۈركىي سۆز ۋە قوشۇمچىلارغا خاس بىر قىسىم تاۋۇشلارمۇ شۇ ھەرپلەر ئاساسىدا پەيدىنپەي ھەل قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا تۈركىي سۆزلەردە قوللىنىلماي پەقەت ئەرەبچە سۆزلەردىلا قوللىنىلىدىغان بىر قانچە ھەرپ ۋە بەلگىلەر ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك بىر نەچچە ھەرپ بىر خىل تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، ئەكسىچە بىر نەچچە تاۋۇش بىر ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، ئوخشاش بىر ھەرپ تۈركىي سۆزلەردە بىر خىل، ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەردە بولسا يەنە بىر خىل قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بەزى تاۋۇش بەلگىلىرى يېزىقتا ھامان چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىپادىلىگەن تاۋۇشلارنى مەنە، شەكىل ۋە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تەلەپپۇز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ («چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى»، «ياردەمچى بەلگىلەر» ۋە «تاۋۇشلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى»گە قاراڭ).

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ھەرپلەر سۆز بېشىدا ۋە سۆز ئوتتۇرىسىدا، سۆز ئاخىرىدا ۋە يالغۇز يېزىلىدىغان شەكىللەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە بەزى ھەرپلەرنىڭ يازما ۋە باسما شەكىللىرىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ھەرپلەرنىڭ يازما شەكىللىرىمۇ ھەر خىل فورمىلاردا يېزىلىدۇ.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قولىيازما شەكىللىرى خىلمۇخىل ۋە چىرايلىق. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يېزىق تارىخىدا خەتتاتلىق سەنئىتىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ يېزىقنىڭ «نەسخ»، «رىقئە»، «تەئلىق»، «سۇلۇس»، «دىۋانى»، «جەللى دىۋانى»، «رەيھان»، «كۇفى»، «سىياقەت»••• كە ئوخشاش شەكىللىرى بار. ئۇيغۇرلار مەتبەئەچىلىكتە كۆپرەك «نەسخ» ۋە «تەئلىق» شەكلىگە تايانغان. قولىيازمىلىرىدا بولسا «تەئلىق»، «سۇلۇس» ۋە «رىقئە» شەكلىنى قوللانغان. قەدىمكى قولىيازمىلارنىڭ ماۋزۇلىرىدا، رەسمىي قەيدلەردە، لەۋھەلەردە كۆپرەك «تەئلىق»، «سۇلۇس» ۋە «دىۋانى» نۇسخىلىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە باشقا نۇسخىلارنىمۇ قوللىنىپ كەلگەن. بۇ نۇسخىلار ھازىرقى زامان خەتتاتچىلىقىدىمۇ ئۆزىنىڭ بەلگىلىك رولىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

## 2. ھەرپ ۋە ئېلىپبە

### 1) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر

يېزىق — تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلىگۈچى يازما بەلگىلەر سىستېمىسى

ھەرپ ـ يازما بەلگىلەر سىستېمىسىدىكى ھەربىر تىپىك تىل تاۋۇشنى (يەنى فونېمىنى) خاتىرىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئايرىم بەلگىدىن ئىبارەت. ھەرپ — ئېلىپبەلىك يېزىق تەركىبىدىكى ئەڭ كىچىك يازما بىرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ يازما بەلگىلەر سىستېمىسىدىكى ھەربىر تىپىك تىل تاۋۇشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئايرىم بەلگە ـ ھەرپ 33 بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ا | ب | پ | ت//ة | ث | ج | چ | ح | خ |
| د | ذ | ر | ز | ژ | س | ش | ص | ض |
| ط | ظ | ع | غ | ف | ق | ک//ك | گ | ل |
| م | ن | و | ه//ە | ى | نک//نك | (ء | او | اي//اى) |

### 2) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

ئېلىپبەلىك يېزىقتا بەلگىلەنگەن ھەرپلەر، بۇ ھەرپلەرنىڭ تىزىلىش رەت تەرتىپى، نامى ھەم ئومۇمىي شەكلى كۆرسىتىلگەن جەدۋەل ئېلىپبە (ياكى ئېلىپبە جەدۋىلى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقىنى ئىجادىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ، ئۇ يېزىقنى ئۆز تىلىنى خاتىرىلەشكە ئىشلەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەرەب يېزىقى 28 ئۈزۈك تاۋۇش (بۇنىڭ ئىچىدە «ا، و، ى» لار شەرتلىك سوزۇق تاۋۇش) تىن تەركىب تاپقان يېزىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھەرپلەرنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىگە ياردەمچى بەلگىلەرنى قويۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش يولى بىلەن يېزىپ قوللاندى. XIII ئەسىردىن كېيىن، بۇ ھەرپلەرنىڭ سانى ئۇيغۇر تىلى تاۋۇش سىستېمىسىغا ئاساسەن بىر قەدەر مۇۋاپىق ھالدا تولۇقلاندى، كۆپەيتىلدى ۋە بىر قىسىم سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر ياسالدى. سۆزلەرنى يازغاندا، ھەرپلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ياردەمچى بەلگىلەر تەدرىجىي ئېلىپ تاشلىنىپ، ھەرپلەرنى قوشۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئارقىلىق يېزىش بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئەينەن يېزىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بويىچە يېزىلىدىغان بولدى، يەنى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ياسالما ۋە قوشۇمچە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ھەرپلەر بىلەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىنى قوشۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدەك، يەنە بىر مۇنچە سۆزلەرنىڭ، ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى ھەرخىل قوشۇمچىلارنىڭ يېزىلىش شەكلىمۇ بارا ـ بارا مۇقىملىشىپ، ئاساسەن بىر خىل شەكىل، بىر خىل ئۇسلۇبقا قاراپ يۈزلەندى.

ئەسلىدە «پ، چ، ژ، گ» تاۋۇشلىرى ئۇيغۇر تىلىدا بار بولسىمۇ، دەسلەپ ئۇلار ئۈچۈن يېزىقتا ھەرپ بەلگىلەنمەستىن «پ» ئورنىغا «ب»، «چ» ئورنىغا «ج»، «گ» ئورنىغا «ك» قاتارلىق ھەرپلەرنىڭ ھەربىرى ئىككىدىن فونېمىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بولۇپ قوللىنىلغان. كېيىنچە پارس تىلىدىن كۆپلەپ سۆز ـ ئىبارىلەر قوبۇل قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە، پارس ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى شۇ خىل تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان «پ، چ، ژ، گ» ھەرپلىرى شەكلەن ئىجاد قىلىنىپ، ئېلىپبە تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە «ن» بىلەن «ك» نى قوشۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا خاس «نك» (ڭ) ھەرپى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، خاراكتېرى ۋە ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىدا 33 ھەرپتىن تەركىب تاپقان چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسى بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەب تىلىغا خاس «ذ ث ح ص ض ع ط ظ» ھەرپلىرى پەقەت ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە ئىشلىتىلگەن. قالغان ھەرپلەر ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنى خاتىرىلەشكە ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولغان سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەرمۇ مۇشۇ يېزىقنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەرپلەر ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

بىز يۇقىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەرنىڭ سۆز بېشىدا ۋە سۆز ئوتتۇرىسىدا، سۆز ئاخىرىدا ۋە يالغۇز يېزىلىدىغان شەكىللەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. تۆۋەندە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى، يەنى ھەرپلەرنىڭ يالغۇز، باش، ئوتتۇرا، ئاياغ شەكلى ۋە ئۇلارنىڭ نامى، ئوقۇلۇشى ترانسكرىپسىيىسى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

## 3) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى (باسما شەكلى)

| ئىپادە قىلىدىغان تاۋۇش | يالغۇز شەكلى | ئاياغ شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | باش شەكلى | هەرپ نامى | № |
|---|---|---|---|---|---|---|
| a ä o u i | ا | ـا | | ا | ئەلىف | 1 |
| b/p | ب | ـب | ـبـ | بـ | بە | 2 |
| p | پ | ـپ | ـپـ | پـ | پە | 3 |
| t | ت // ة | ـت // | ـتـ | تـ | تە | 4 |
| (س) s | ث | ـث | ـثـ | ثـ | سە | 5 |
| j/ch | ج | ـج | ـجـ | جـ | جىم | 6 |
| ch | چ | ـچ | ـچـ | چـ | چىم | 7 |
| (ھ) h | ح | ـح | ـحـ | حـ | ھە | 8 |
| x | خ | ـخ | ـخـ | خـ | خە | 9 |
| d | د | ـد | | د | دال | 10 |
| (ز) z | ذ | ـذ | | ذ | زال | 11 |
| r | ر | ـر | | ر | رە | 12 |
| z | ز | ـز | | ز | زە | 13 |
| zh | ژ | ـژ | | ژ | ژە | 14 |
| s | س | ـس | ـسـ | سـ | سىن | 15 |
| sh | ش | ـش | ـشـ | شـ | شىن | 16 |
| (س) s | ص | ـص | ـصـ | صـ | سات | 17 |

~~[illegible]~~: [illegible]

① يۇقىرىقى 33 [illegible]

② [illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| (ز) z | ض | ـض | ـضـ | ضـ | زات | 18 |
| (ت) t | ط | ـط | ـطـ | طـ | ئىتقى | 19 |
| (ز) z | ظ | ـظ | ـظـ | ظـ | ئىزغى | 20 |
| (ئ) ?′ | ع | ـع | ـعـ | عـ | ئەين | 21 |
| gh | غ | ـغ | ـغـ | غـ | غەين | 22 |
| f | ف | ـف | ـفـ | فـ | فە | 23 |
| q | ق | ـق | ـقـ | قـ | قاف | 24 |
| k/g | ک // ك | ـک // ـك | ـکـ | کـ | کاف | 25 |
| g | گ | ـگ | ـگـ | گـ | گاف | 26 |
| l | ل | ـل | ـلـ | لـ | لام | 27 |
| m | م | ـم | ـمـ | مـ | مەم | 28 |
| n | ن | ـن | ـنـ | نـ | نۇن | 29 |
| (ۋ) o u ö ü w | و | ـو | | و | ۋاۋ | 30 |
| h/ä | ه // ھ | ـه // ـھ | ـھـ | ھـ | ھا | 31 |
| (ي) a e i iy y | ى | ـى | ـيـ | يـ | يا | 32 |
| (ڭ) ng ng′g | نك // ـنك | ـنك | ـنكـ | | ڭ | 33 |
| (ئ) ?′ | ء | ـأ ‖ ـؤ | ـئـ | ئ | ھەمزە | |
| ouöü ئو ئۇ ئۆ ئۈ | أو | | | او | ۋاۋ ئەلف | |
| e i ay äy (ئى ئې) | اى // اي | ـاى | | اي | يائەلف | |

## قوشۇمچە: تاۋۇشلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بويىچە ئۇمۇمىي چۈشەنچە

ا آب [ab] (سۇ) ازغورماق [azghurmaq] (ئاداشتۇرماق) ابر [äbr] (بۇلۇت)
اميد [umid] (ئۈمىد) اداره [idarä] نامه [namä] (خەت) زاغ [zagh] (قاغا)

ب بد [bäd] (يامان) بلبل [bulbul] كتاب [kitab]

پ پالچيغ [palchigh] (لاي) سپاه [sipah] (قوشۇن)

ت تاريخ [tä'rix] (تارىخ) اتش [atäsh] (ئوت) دست [däst] (قول) دختر [duxtär] (قىز)

ث ثمر [sämär] (مېۋە) مثلا [mäsälän] (مەسىلەن)

ج جاهل [jahil] پنجره [pänjärä] (دېرىزە) احتياج [ehtiyaj] جرأت [jur'ät]

چ چاقين [chaqin] (چاقماق) چريك [cherik] (ئەسكەر)

ح حقوق [huquq] محله [mähällä] صبح [subh] (سەھەر) محترم [muhtäräm] (ھۆرمەتلىك)

خ خليل [xälil] (دوست) خامه [xamä] (قەلەم) مختصر [muxtäsär] (قىسقارتىلغان؛ قىسقىسى)

د دود [dud] (تۈتۈن) دندان [dändan] (چىش)

ذ ذكات [zäkat] (زاكات) التذاذ [iltizaz] (لەززەت)

ر راه [rah] (يول) بيمار [bimar] (كېسەل)

ز زمستان [zimistan] وزير [wäzir]

ژ ژاله [zhalä] (شەبنەم) پژمرده [päzhmurdä] (سولغان) مژگان [mizhgan] (كىرپىك)

س سالم [salim] (ساغلام) سفيد [säfid] (ئاق) مستثنى [mustäsna] لباس [libas] (كىيىم)

ش شكايت [shikayät] گلشن [gulshän] مشهور [mäshhur] شتر [shutur] (تۆگە)

ص صاحب [sahib] (ئىگە) عنصر ['unsur] (ئېلېمېنت) مصلحت [mäslähät] شخص [shäxs]

ض ضبط [zäbt] (ئىگىلەش) اضطراب [iztirab] بياض [bäyaz] (باياز) فيض [fäyz]

ط طويل [täwil] (ئۇزۇن) خطرناك [xätärnak] (خەتەرلىك) نطق [nutq] طالب [talib] (تەلەپ قىلغۇچى، ئىزدىگۈچى) خط [xät]

ظ ظالم [zalim] ظفر [zäfär] (غەلىبە) الفاظ [älfaz] (سۆزلەر) لفظ [läfz] (سۆز)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ع عارض [ʼaräz] (يۈز، چىراي) رعنا [räʼna] (گۈزەل) ملعون [mälʼun]
(لەنەتلەنگەن) تابع [tabiʼ]
غ غربت [ghurbät] مغفرت [mäghfirät] (كەچۈرۈش) مونكلوغ [munglugh]
ف فراغت [färaghät] تفسير [täfsir] توصيف [täwsif] (سۈپەتلەش، ماختاش)
ق قدم [qädäm] دقيقه [däqiqä] مقصد [mäqsäd]، افق [ufuq]
ك كيورماك [kiyürmäk] (كىرگۈزمەك) شكسته [shikästä] (مەجرۇھ) اوكونـ-
ماك [ökünmäk]
گ گردون [gärdun] (كۆك، ئاسمان) دركاه [därgah] (ئىشىك، بوسۇغا)
ايكيرماك [igirmäk]
ل لايعقل [layäʼqil] (ئەقىلسىز) خلل [xäläl] (نۇقسان، كەمچىلىك) ليل
[läyl] (تۈن، كېچە)
م مملكت [mämläkät] اكرام [ikram] (ئىززەت، ھۆرمەت) كمينه [käminä]
عالم [ʼaläm] (ئالەم، دۇنيا)
ن نغمه [näghmä] ايندماك [indämäk] (چاقىرماق، تەكلىپ قىلماق) ان [an]
(ۋاقىت، پەيت)
و ارزو [arzu] مور [mur] (چۈمۈلە) دوست [dost] وطن [wätän] جواب
[jäwab] (جاۋاب) روشن [räwshän]
ه // ە هزار [häzar] (مىڭ) ماه [mah] (ئاي) شهر [shähär] شاهنشاه
[shahänshah]، جمله [jumlä] (ھەممە، بارچە) ديده [diydä] (كۆز) حميده
[hämidä] (ماختاشقا لايىق)
ى عيسى [ʼisa, ʼiysa] ديگيل [degil] عصيان [ʼisyan] ايلاماك [äylämäk]
نك يانكيلماق [yangilmaq] (يېڭىلمەك، ئاداشماق) دلتنك [diltäng]
(سىقىلغان، غەملىك، قايغۇلۇق) سنك دل [sängʼgdil] (تاش يۈرەك، باغرى
قاتتىق) مينك [mäning] كونكول [köngül] كونكلاك [köngläk] ) كۆينەك
ء مائمور [mäʼmur] مسئله [mäsʼälä] مسئول [mäsʼul] ابتداء [ibtidaʼ] قرائت
[qäraʼät] موءمن [muʼmin]
او اوخشاماق [oxshamaq] اوتماك [ötmäk] اويقولاتماق [uyqulatmaq]
(ئۇخلاتماق) اولاشماك [üläshmäk] اوزوك [üzük]
اي // اى ايكين [ekin] (ئېكىن، زىرائەت) ايلغاماق [ilghamaq] ايكالاسى [ikäläsi]
(ئىككىلىسى، ھەر ئىككىسى) ايسيتماق [isitmaq] ايتيكليك [ittiklik]
(تېزلىك، چاققانلىق)

## 3. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياردەمچى بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى

### ياردەمچى بەلگىلەر

| № | بەلگىنىڭ نامى | بەلگىنىڭ ئورنى: ھەرپ ئۈستى | بەلگىنىڭ ئورنى: ھەرپ ئاستى | مەزكۇر بەلگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تاۋۇش | مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | زەبەر | ′ | | ئە ä | شَب [shäb]، قَسم [qäsäm] |
| 2 | زىر | | ′ | ئى i | دِل [dil] اِقتصاد[iqtisad] |
| 3 | پەش | ’ | | o u | بزرگ [buzurg]، صحبت [suhbät] |
| 4 | مەدد | ~ | | ئا a. a: | اسمان [asman]، ارام [aram] |
| 5 | دۇزەبەر | // | | ئەن än | مثلا[mäsälän]، خصوصا[xususän] |
| 6 | دۇزىر | | // | ئىن in | سر [sirrin] قرن، [qärnin] |
| 7 | دۇپەش | ” | | ئۇن un | كتاب [kitabun]، عالم['alimun] |
| 8 | ساكىن | ° | | ھەرپنىڭ ئۆز تاۋۇشى | محبوب[mähbub]، مقصد[mäqsäd] |
| 9 | تەشدىد | ω | | شۇ ھەرپنىڭ تەكرار تەلەپپۇزىنى بىلدۈرىدۇ | اوّل[äwwäl]، مدّت[muddät]<br>معلّم[mu'ällim]، مقدّم[muqäddäm] |
| 10 | قايىمئەلىف | ′ | | ئا a | رحمن[ráhman]، مسى[musa] |

### ياردەمچى بەلگىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى

1) ′ (زەبەر) [zäbär]: بۇ بەلگە ئەرەب تىلىدا «فەتھە» [fätha] دەپ ئاتىلىدۇ. زەبەر ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ ئەسلىي ئاۋازىغا «ئە» [ä] سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بدن | [bädän] | سبب | [säbäb] |
| سحر | [sähär] | وطن | [wätän] |
| خبر | [xäbär] | ادب | [ädäb] |

2) ′ (زىر) [zir]: بۇ بەلگە ئەرەب تىلىدا «كەسرە» [käsrä] دەپ ئاتىلىدۇ. كەسرە ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ ئەسلىي ئاۋازىغا «ئى» [i] سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| تجارت | [tijarät] | انقلاب | [inqilab] |
| استراحت | [istirahät] | اقتصاد | [iqtisad] |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

اضطراب [iztirab] (بىتاقەتلىك، بىقارارلىق، تىنچسىزلىق)

اشتهار [ishtihar] (شۆھرەت، شۆھرەت تېپىش)

3) ٬ (پەش) [päsh]: بۇ بەلگە ئەرەب تىلىدا «زەممە» [zämmä] دەپ ئاتىلىدۇ. پەش ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ ئەسلىي ئاۋازىغا «ئۇ» [u] سوزۇق تاۋۇشىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بزرگ | [buzurg] | مسافر | [musafir] |
| نصرت | [nusrät] | شجاعت | [shuja'ät] |
| غربت | [ghurbät] | اسلوب | [uslub] |

4) ~ (مەد) [mäd]: ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ ئەسلىي ئاۋازىغا «ئا» [a] سوزۇق تاۋۇشىنى قوشۇپ سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.
چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا سۆز بېشىدا كېلىدىغان «ئا» سوزۇق تاۋۇشى كۆپىنچە ئۈستىگە مەد قويۇلغان «آ» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| آتلاندورماق | [atlandurmaq] | آرتيلماق | [artilmaq] |
| آوچلاماق | [awuchlamaq] | (ئۇچۇملىماق، چاڭگاللىماق) | |
| آرامگاه | [aramgah] | آسيغ [asigh] | (پايدا، نەپ) |

5) ّ (تەشدىد) [täshdid]: ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ تەكرار تەلەپپۇز قىلىنىشىنى، يەنى شۇ ھەرپنى ئىككى بوغۇمغا تەۋە قىلىپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اوّل | [äwwäl] | توكّل | [täwäkkul] |
| مدّت | [muddät] | معلّم | [mu'ällim] |
| مقدّم | [muqäddäm] | تبسّم | [täbässum] |
| ملّت | [millät] | لذّتليك | [läzzätlik] |

6) ْ (ساكىن) [sakin]: ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكىلىك ھەرپلەرگە بېقىنغان ھالدا (سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي) ئۆزۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| عطر | ['ätr] | مشهور | [mäshhur] |
| اجداد | [äjdad] | خنجر | [xänjär] |
| مكتب | [mäktäb] | بلبل | [bulbul] |
| مقصد | [mäqsäd] | مرحمت | [märhämät] |

7) ״ (قوش زەبەر): بۇ بەلگە ئەرەب تىلىدا [näsbun] ياكى [fäthätäyn]، پارس تىلىدا [duzäbär] دەپ ئاتىلىدۇ.
قوش زەبەر ھەرپلەرنىڭ (ئادەتتە سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ـا/ا» نىڭ، قىسمەن

«ت» نىڭ «ـ ة/ة» شەكىللىرىنىڭ) ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي ئاۋازىغا «ئەن» [än] تاۋۇشىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قسما″ | [qismän] | مثلا″ | [mäsälän] |
| حقيقة″ | [häqiqätän] | شكلا″ | [shäklän] |
| عمۇما″ | [ʼumumän] | تخمينا″ | [täxminän] |
| شخصا″ | [shäxsän] | خصوصا″ | [xususän] |

8) ″ (قوش زىر): بۇ بەلگە ئەرەب تىلىدا [käsrätäyn] ياكى [järrun]، پارس تىلىدا [duzir] دەپ ئاتىلىدۇ.

قوش زىر ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلۇپ، شۇ ھەرپلەرنىڭ ئەسلىي ئاۋازىغا «ئىن» [in] تاۋۇشىنى قوشۇپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| سبع سماوات | [säbʼäsämawatin] | (يەتتە قات ئاسمان)، | |
| فى كتاب | [fi—kitabin] | (كىتابتا، كىتابنىڭ ئىچىدە)، | |
| قرن | [qärnin] | فوز | [fäwzin] |
| سر | [sirrin] | دلو | [dälwin] |

9) ‘‘ (قوش پەش): بۇ بەلگە ئەرەب تىلىدا [zämmätäyn] ياكى [räfʼun]، پارس تىلىدا [dupish] دەپ ئاتىلىدۇ.

قوش پەش ھەرپلەرنىڭ (ئومۇمەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشىنىڭ) ئۈستىگە قويۇلۇپ، شۇ ھەرپنىڭ ئەسلىي ئاۋازىغا «ئۇن» [un] تاۋۇشىنى قوشۇپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| كتاب | [kitabun] | عالم | [ʼalimun] |
| ويل | [wäylun] | (دوزاخ، دوزاخنىڭ ئىسمى) | |
| خجر | [xäjärun] | (تاش) فرس | [färäsun] (ئات) |

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەبچە ئىسىملار ئادەتتە تەنۋىنسىز ساكىن قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| رجل | [räjul] | (كىشى) كتاب | [kitab] |
| عالم | [ʼalim] | ويل | [wäyl] |
| خجر | [xäjär] | فرس | [färäs] |

ئادەتتە — (قوش زەبەر)، — (قوش زىر)، — (قوش پەش) لەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تەنۋىن» [fänwin] دەپ ئاتىلىدۇ. «تەنۋىن» — تۇتاشتۇرۇلغان دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ مەنە جەھەتتىن «زەبەر، زىر، پەش» لىك ئوقۇلىدىغان ھەرپلەرنىڭ تاۋۇشىغا «ن» تاۋۇشىنى قوشۇپ «ئەن» (—)، ئىن (—)، ئۇن (—) قىلىپ نۇنلاشتۇرۇپ ئوقۇش دېمەكتۇر.

10) ׳ (قىسقا ئەلىف): بۇ بەلگە يەنە «قايىم ئەلىف» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قايىم ئەلىف ھەرپلەرنىڭ ئۈستىگە، بەزىدە ئاستىغا قويۇلۇپ، شۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزىدىن يوقىرى-

راق كۆتۈرۈلۈپ، سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بەلگە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ھەرپى مەدكە ئوخشاش ۋەزىپىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

على'هزالقياس ['älahazäl—qiyas] (شۇنىڭغا قىياسەن، شۇنىڭغا ئوخشاش)

عيسى ['isa~'iysa] يحيى [yähya]

مسى [musa] على ['äla] (… ئۈستىگە، … گە)

رحمن [rähman] يخشى [yaxshi]

## ھەمزىنىڭ ئىپادە شەكىللىرى

ء (ھەمزە) [hämzä] : بۇ بەلگە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىپادە شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) فەتھەلىك ھەرپتىن كېيىن «ـ ائ، ا» ۋە «ئ، ئـ» شەكلىدە ئىپادە قىلىنغان. مەسىلەن:

ماءمور [mä'mur] (بىرەر ئىشقا بۇيرۇلغان كىشى)

تاءثرات [tä'ässurat] تاءثر [tä'sir]

داءب [dä'b] (ئادەت، قىلىق، خىسلەت) رئيس [rä'is]

راءفت [rä'fät] (مېھرىبانلىق، غەمخورلۇق، خەيرىخاھلىق)

لئم [lä'im] (بېخىل) تاءسيس [tä'sis]

2) زەممىلىك ھەرپتىن كېيىن «ـ ئو، ؤ» شەكلىدە ئىپادە قىلىنغان. مەسىلەن:

موءدب [mu'äddäb] (ئەدەپلىك، تەربىيە كۆرگەن) موءمن [mu'min]

موءرخ [mu'ärrix] (تارىخچى) روءيا/روئيا [ru'ya] (چۈش).

3) ساكىنلىق ھەرپتىن كېيىن «ئـ، ئە، ئو، اء» شەكلىدە ئىپادە قىلىنغان. مەسىلەن:

مسئله [mäs'älä] مسئول [mäs'ul]

نشئه [näsh'ä] (كەيپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت) جراءت [jur'ät]

نشاءت موسيقى [näshät—i musiqi] (مۇزىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى)

هيئت / هياءت [häy'ät] (شەكىل، سۈرەت)

لمئه [läm'ä] (يورۇقلۇق، نۇر)

4) ھەرپى مەدلىك سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىن بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەندە «ئ» شەكلىدە ئىپادە قىلىنغان. مەسىلەن:

مسائل [mäsa'il] (مەسىلىلەر) نوائب [näwa'ib] (مۇسىبەتلەر، قايغۇلار)

عائله ['ailä] خائن [xa'in]

شجائت [shuja'ät] سائل [sa'il] (سورىغۇچى، تىلەمچى).

5) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا ھەرپى مەد بولغان «ـا، ا» تىن كېيىن كېلىدىغان ھەمزە يېزىقتا ئاساسەن يېزىلمايدۇ ھەم تەلەپپۇزمۇ قىلىنمايدۇ. مەسىلەن:

| ئەرەب يېزىقىدىكى ئىملاسى | | چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىملاسى | |
|---|---|---|---|
| سماء | [säma′] | سما | [säma] |
| رضاء | [riza′] | رضا | [riza] |
| دعاء | [dua′] | دعا | [du′a] |
| صحراء | [sähra′] | صحرا | [sähra] |
| علماء | [′ulämä′] | علما | [′ulämä] |
| أولياء | [äwliya′] | اوليا | [äwliya] |
| انبياء | [anbiya′] | انبيا | [änbiya] |
| بناء | [bina′] | بنا | [bina] |
| اشياء | [äshya′] | اشيا | [äshya] |
| ............ | | | |

**العلم صيد وللكتابةقيد**

(ئۆگىنىش — ئوۋ ئوۋلاشتۇر، يېزىش — سىرتماق سېلىشتۇر)

***بيلماك انسان لرنينك بيوك صفتىدوروهمده مدنيتكا يتيشماك يولىدور جونـكى بيلم سيزهركيز ترقى بولماس اما جهالت هيچقچان انساننينك سعادتىدين اماس وبلكى حيوان لرنينك صفتىدور علم سزكيشىلر بونى هم فرق قيلالماس بيلم نينك معنىسى حقيقت نى بيلمك ديمكدور.***

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ياردەمچى بەلگىلەر، ئومۇمەن ئەرەب يېزىقىنىڭ كۆچۈرمىسى بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەرەب تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى بويىچە ئىينەن قوللىنىلغان. مەسىلەن:

***قيغشب يتسا انك يزينكا***
***السقر اوكن انك سوزينكا***
***منك كشى يلغى بلب اوزينكا***
خۇددى «س، ـ» ھەرپىنىڭ كىرتىكىدەك قىسقا چىقىرىلىپ يېزىلغان.

8) «ن» ھەرپى. بۇ ھەرپ سۆز ئاخىرىدا «ن» شەكلىدە يېزىلغاندىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردىمۇ كۆرۈلىدۇ:



[Ilaha, rähim qil män xästägä kop natawan durman, Qilurgä särih dil yoqtur zäbanim, bi zäbandurmän.]

[Zulfini säwdasidin konglüm pärishandur bu kün, Jan wisalin tapmayin yär birlä yäksandur bu kün, Xälq ara kop shadliqlar bar idi mundin burun, Här kishi yüz ghöm bilä chaki giribandur bu kün, Gär manga qilsä näzär xurshid därmän atini, Gärchä mundin andä korsä mahitabandur bu kün, Itlarighä hämdäm ätti mäshräb bicharäni, Allah — allah, nä äjayib lutfu ihsandur bu kün.]

—Mashrab.

ئومۇمەن، قولىيازمىلاردا خەتنىڭ گۈزەل، كۆركەملىكى ئېتىبارى بىلەن بەزى ھەرپلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەر خىل شەكىلدە يېزىلغاندىن تاشقىرى، يەنە سۆز تەركىبىدە چېكىتلەرنىڭمۇ ئۆز جايىغا قويۇلمىغانلىقىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ «ب» بىلەن «چ»، «ي، يـ» ھەرپلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن جايلاردا، بۇ ھەرپلەرنىڭ چېكىتلىرى بىرلا يەرگە قويۇلۇپ، ھەم «ي، يـ»، «چ» نىڭ ھەم «ب»نىڭ چېكىتىگە تەۋە قىلىنغان ۋە باشقىلار. بۇ خىل ئەھۋال چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا قولىيازمىلارنى ئوقۇغاندا مەزكۇر چېكىتلەرنىڭ قايسى ھەرپكە تەۋە ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:



[Ata bu naw'körgäch ish hesabin, Munasib angladi ilm iktisabin.]
—Näwai.

قوشۇمچە: ئوقۇش مەشىقى
تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ھەرپ شەكىللىرىگە دىققەت قىلىڭلار.

اون ییتینجی سیری ملیکهٔ آمانیسا خنیم ایردی بو خنیم سلطان عبدالرشید خان
پادشاه نینگ زوجه لاری ایردی شاعرهٔ یگانه دوران ایردی دیوان نفیسه آطلیق
شعرنی یا بر کتاب نی تصنیف قیلیب ایردیلار هم خطاط لیقدا اوستاد کامل ایردی هم
موسیقی فنیده انداغ صاحب کمال ایردیکیم سلطان بو ملیکه گه عاشق بیقرار شیدا
شیفته لیق دا بی اختیار ایردی سلطان بو ملیکه نی عقدیغه کیگوزوش واقعه سی انداغ
دورکیم سلطان وزرا امرا لشکرلاری بیلان پای تخت یارکند دین اطلانیب طارم دریاسی
، بو ییلاب ترک مکان دشتیگه شکارغه یوزلاندیلار بر نیچه کون اندا بولدیلار کیچه سی سلطان
دهقانچه ساده اسکی کییم لارنی کییب قونوچی مسافر صورتیده بولوب صحرایا قالاریدیکی اویلارده
غریبانه قونار و بو رویش بیلان عملدارلار نینگ رعیه لارغه ظلم ستم قیلغان ایش لارینی
تحقیقلار عادتی ایردی. وقتیکی سلطان مذکور رویش لار بیله بر خرابه اویگه قونوچی صورتیده
بولوب آکرم نام بر چهری بیلان کیردی اول اوی محمود اطلیق بر اوتاچی نینگ اوی ایردی.
بو ملیکه شول محمود نینگ عاجزه سی ایردی سلطان قرایدورکی بو اوی نینگ بور جاییده
بر طنبور بار ایردی سلطان محمود دین سوردیکی طنبورنی چلیب بیرگای اول ایدیکی

من طنبور چلیشنی بیلماسمن اوشبو قیزیمیز منکا طنبور الیب بیرنیک دیب خفا قیلیب
الدوردی قیزیم چالیدور دیب ایردی سلطان قیزینکیز چلیب بیرسون دیدی محمود قیزیغه
امری قیلدی قیز طنبورنی کلتوروب بنیچگاه مقامیغه انداغ چالدی کیم سلطان حیران
قالدی طرفه راق بو کیم قیز اوزی ایتقان بو شعرنی مقام غه قوشوب اوقوب ایردی کیم سلطان
بو قیزنینک محبتی ده عاشق بیقرار و بیهوش بولوب لتی شعری بو ایردی کیم مطلع:
سنکا یوز شکر یارب بیزگا عادل پادشاه قیلدینک فقیر مسکین غه عبدالرشیدخانی پناه قیلدینک
اوشبو غزل نینک مقطعی بو نوع باغلینیب ایردی کیم مقطع:
نفیسی نیچه کوندوز قیل دعا تنکری تقدس غه کی شاه نینک حقیده قیلما دعا قاتیغ گناه قیلدینک
غزل تمام بولغاندا سلطان آلدیراب سورادیکی نفیسی دیگان شاعر کیم سین بو غزلنی
قایدین اوگرنوب ایردینکیز دیکچ قیز کیشی نینک غزلی نی مو یاد الیب اوقومدیکان
من نوایی فضولی زلیلی نینک شعرلاریدین اوزگانی اوقومایمن بو غزل اوزوم نینک نفیسی
مینینک تخلصوم دیدی نیچه یاشقا کیرگان کیلینی سوردی اتاسی اون اوچ یاشقه
کیردی دیدی سلطان نینک نیا حیرتی آرتدی انکا نیچه آمان نسا خنم قوفوب اوزی
بوتکان بیر قانچه ابیات لاری کورساتی خطی نینک حسنی قیز نینک حسنی بیلان بحث

قیلار ایردی پادشاه بو خطنی بو یله کیچک نارسیده بولغانیغه ایشانگلوسی کلمای قنغ

امیه من قاراب تورای شعر بوتوب بقینینک دیگایج قیر دووت قلم کاغذ کلتوروب

بو بیتنی بوتودی مطلع یارب بو بنده قیلدی عجب سوءظن منکا گویا بو اوی گا

اوندی بو اغتشام تیکین منکا نی سلطان بولدی ایشانديم منی هجو قیلمسیلا دیلی

مجرمی بیلان تاشقاری چیقیب حلی کلساک دیب لشکرگاه غه باریب وزیر امیرلارغه

کورگان واقعه نی بیان قیلدی باش لارغیه تاج اوستلارغیه دواج یافتی درحال اون

قوی شایی اطلس مهیا قیلیب تون حصه ده قرق کشی محمودنینک اوییگه باریب

مقصدینی بیان قیلیب پادشاه اوزینی اشکارا قیلیب توی قیلیب قیزنی نکاح

حیغه الدیلار گیرمه یل فادشاه نینک نکاحیدا توردی بو قیزغه خدای تعالی انداع

عقل فراست عطا قیلیب ایردیکی تعریف دین مستغنی دور دیوان نفیسی نی

تصنیف قیلدی اخلاق جمیله آطلیق بر کتاب کیم منظوم لارغه نصیحت دور
تصنف

قیلدی شروح القلوب اطلیغ بر رساله تصنیف قیلدی شاعرلیق مغنی لیک

خطاطلیق توغرسیدا بونینک دیک مفید کتاب آز دور عشرت انگلیز نام لیغ بر

مقام هم بو ملیکه نینک اختراعات لاری ایردی سلطان کمال غیرت یوزیدین اوز

اطیغه نسبت بر بیر مغنی لارنه اورگاتنع لار بو ملکیه اوتوز تورت یاشلاریدا تونغوتدا
عالم دین کیتی دیبدورلار بو ملکیه عالم دین کتکاندین سونکرا سلطان تویا اوزینی
اولتوار بر شوریده حالتله بیتیب سوداوی بر علت عارض بولدی آخر سلطان
یغلاب عالم دین اوتی دیدورلار بولاردین کیین بینا مقام غزل اختراع قیلغوچیلک
بر اوستاد کل عالمغه کلگانی معلوم ایماس تور بلمالک لر کلمرنی جمشید
پادشاه نینک مشهور خاتونی ملکیه دلسوز کشف قیلدی صورنای نی اول کیقباد
شاه نینک نظریده بوغا مونکوز یده لشکرلاری ار الیسیدا ایردشیر اطلیغ
بر کیشی کشف قیلدی نوشروان نینک زمانه سیدا یغاچدا صورنای یاساتی.
جالدی دف نی سلیمان علیه السلام غه دیولاریاساب بردی طبل نقاره
اسکندر ذوالقرنین زمانیده آلکشف بولدی دیدورلار تمت تمام بعون الملک العلام
دیگر واضح اولغاکیم موسیقی فنی نینک اوستادلاری هر عصرده بر شهرده یوز بیک مینک اوتوب دور
اولارنینک هر بر نینک احوالاتینی بیان قیلساق بوقتعار ساکره سیغمایدور انینک اوچون
منک دین برینی ایلغاب هر بر شهریکلی بر نقش مقام اختراع قیلغان آیی بر جالغو اسبابی یا
ساغایای بو فن بارسیدین بر رسایل پوتوب شهرتو تقانیس بور ساگه کاشولارنینک احوا
لیدین شمه ٔ اظهار قیلیندی .                — تواریخ موسیقیون .

صحیح یعنی
دعای فراوان تحیات بی پایان ادا ایسیدین کین جناب مرحمت پناه شفقت دستگاه
پدر بزرگوار میز خدمت شریف و عنصر لطیف لاریغه سلامیز ترتیب معلوم
ور دشن بولسونکه لله الحمد والمنه بزلار موند صحت سلامت جمیع کرکچیک
خویش اقربا شب و روز فرض خمسه ده دعاده لار جنابلاریم هم دعای
کیمیا اثرلاریدین فراموش قیلمغایلار الهی خداوند عالم تیز فرصت و اقعین سعادت
جمال و باکمال لاریغه مشرف بولماقنی نصیب و روزی قیلسون آمین
و یا خیر الناصرین بعده مخفی قالمسونکه شونداغ شونداغ بولورلار

الداعی غلام بیدرم حضر یدارلاری ملا عبدالله قاری

یازیلدی ۱۳۳۲ سنه ده تاریخ ذالحجه آینده

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ایکینچی ترتیب دوم آتاسیغه یازماقی

ذات بابرکات لرینی

بعد از تبلیغ کلام خیریت انجام ادا سیدین کین حضرت پناه شفقت آگاه

جناب قبلگاهیمیز حضور عالی لاریغه ترتیب دوم ضبح والیچ اولغانیکه الحمد لله والمنه

بز لار بو منده صحت سلامت کیچه کوندوز فرض خمسه ده دعالاریغه مشغول دورمیز

جنابلاری هم دعای اجابت اثرین لاریدین فراموش قیلیغایلا آلهی خداوند کریم

سایهٔ دولتینگیزنی بز غریب لار باشیمیزدین کم قیلیمسون آمین بحرمت یا بدوح

بعده مخفی قالمسونکه حضرت پناه یار پیشر مکتوب صداقت اسلوبلاری ساعت

سعد ده وصول اولدی تماما مضمون مندرجه لاری بیان و عیان اولدی مضمونیدین

جهان جهان خورسند و خرسند بولدوک الهی الله رب العزت ایکی دنیاده

عزیز و مکرم قیلیب عمر طویل نصیب روزگار قیلسون باقی السلام علیکم

یازغوچی فرزند ارجمندلاری شاه میر احمد

یازیلدی ۱۳۳۲ انچی یلنده ۲۱ انچی صفر الخیر ده

والده سیغه یازماق طریقه سی

حسرتلیک
عزتلیک
بجناب

دعای سلام بلانهایه و سلام مشتاقانه ادا سین سونکیک
مشفق مهربان اغنی والده مهربانیمیز و مبارک خان افامیز و سلطان خان اجاه لاکمیز
وجمیع کتته کیچیک خویش اقربا یارو دوستلار غه تمن تمن سلامیمیز شیب سلوم
ودوشن بولسونکه الحمد لله بز موندا تنیمیز ساغ وقتمیز چاغ صبح شام وبلکه علی الدوام
فروض خمسه ده دعاده میز سیزلارنی هم خدای هشرده هزار عالم اوز پناهیده
سلامت ساقلاب تیز فرصت ده دیدار کورشمکنی نصیب روزی قیلسون آمین

بحرمت سید المرسلین صلی الله علیه وسلم

ثانیاً سوزیمیز شولکه سوندین مقدم بر خط یباریب ایردیم تیکگان تیکمکانیدین
هیچ بر خبر معلوم بولمادی زیاده تشویش تارتدوک بنابرین اوشبو خطنی
یازدوک قولینکیزگه تیکگان زمان بر خط قیلیب لارنی خاطر جمع قیلورسیز
زیاده نه دیریمیز السلام علیکم سنه ۱۳۳۲ ده ۳ انچی ماه رمضانده
الداعی ملا اکرام جان

آتادین اوغول غه یازماق طریقه سی

ارجمند فرزند نورچشم متبرکیک

دعوات وافر و تحیات متکاثره اداسیدین کین عرض تیلیک دلبند

بیلیو کلوک فرزند دلبند میرملا محمد حسیم جانغه تبلیغ واضح ولایح

اولغایکه الحمدلله منه مونده گی همه کته کیچیک خویشتبار یار دوست

صحت سلامتلیک تا رجه سیده مستقیم دورلار سیز جنابلارینی هم

حضرت واجب الوجود او زپناهیده صحت سلامت سقلاب

سعد ساعت ده مشرف دیدارلاری بولماقنی نصیب روزی قیلیبون

آمین بحرمت النبی و آله الامجاد ثانیاً مخفی قالمیونکه او ندین سونگ

باقی السلام علیکم الداعی دعاگوی اتانگیز

سنه ۱۳۳۲ ده ۹ نچی ماه رجب یازیلدی



[Rähm etip baqghil birär jana qäländär halighä, Mehnäti därdu ghäming birlän bolupdur täw äman.

※ ※

[Äy päri päykär, sanga ta ashina boldum bu kün, Mehnätu jäwru jäfaghä mubtäla boldum bu kün. Gulshänu gulzar wäslingni tämasha qilghali, päyräwi häm hämdämi badi säba boldum bu kün. Ta sening därdu ghämingni häq manga qildi näsib, Äyshu ishrät bilä rahätdin juda boldum bu kün. körüp äy xurshid, tabani jähan ara yüzüng, Barchä xublardin üzüp köngül säwa boldum bu kün, shum räqib sägkä qilding ta sän, äy gul iltifat, Ölmäkimgä räshkidin jana riza boldum bu kün. Äy pärizadi zämanim, ta manga mäyl äyläding, Fäxr etip därmän bu däm ahänräba boldum bu kün. Däwläti husnungdin,äy gulchehräi shämsu qämär, Barchä ishq ähli aradä pishwa boldum bu kün. Tapti el bärgu näwa dildaridin ush shaq ara, Män säning ishqing ghämidin binäwa boldum bu kün. Män säning ishqingda, äy läyli —shirin kari dähr, Mäjnunu Färhadghä oxshä bi äba boldum bu kün. (Mäjnun oxshä sözlämäkkä biäba boldum bu kün). Taki boldum äy qäländär, ol päriwäshning quli, Bu shärafdin sahibi taju qäba boldum bu kün.

※ ※

Sän erursän gulshänu baghi chämän, Män erurmän bulbulung, ay siymtän. Läbläring la'li bädäxshandurur, Tishlaringdur gäwhäri durri ädän. Qamätingdur särwi gulzari bihisht, Xättu zulfung sumbulu ham yasimän. Yüzmudur, ya bardurur shämsu qämär, xalmudur ya bardurur mushki xotän. Ay qäländär, ämdi sän pärwanä bol, Dilbäring bolupdur shäm'i änjumän.

※ ※

Mäningdäk kimgä bärdi tangri däwran, Ki qilghay dilbari öyigä mehman. Bari elni ägärchä qul qilipsän, Birsi yoq mäningdäk bändäfärman. Jähan räwshan bolur chiqsang öyüngdin,…]

—Diwan—i qäländär.

# ئىككىنچى بوغوم تۈزۈلۈشى ۋە قىسمەن فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر

## 1. بوغوم تۈزۈلۈشى

ئەرەب يېزىقىدىكى ھەرپلەر ئومۇمەن ئۈزۈك تاۋۇشلۇق ھەرپ بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئاستى ـ ئۈستىگە قويۇلغان دىئاكرىتىك بەلگىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، بۇ خىل ئەھۋال چاغاتاي يېزىق ئەدەبىي تىلىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقىنى ئىجادىي قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپ ھەرپلەرنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە ياردەمچى بەلگىلەرنى قويۇش ئارقىلىق بوغوم ھاسىل قىلغان. كېيىنچە ياردەمچى بەلگىلەر ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىقتا قىسمەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، بوغوم تۈزۈلۈشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بىرقەدەر ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان. ئەمما ئۇيغۇر تىلىغا خاس سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن فونېتىك ۋاسىتىلەردىن باشقا مۇقىم ھەرپ بەلگىلەنگەن ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ئاساسىي جەھەتتىن ياسالما سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بوغوم تۈزۈش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان. ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر، شۇ مىللەت ئۆز يېزىقىدا قانداق يازغان بولسا، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىمۇ ئەينى بويىچە شۇنداق يېزىلغان. گەرچە كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغوم تۈزۈلۈشى قائىدىسىگە ئاساسەن يېزىش ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زاماندا ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن تۈركۈملەپ سۆز كىرىپ كەتكەنلىكى ھەم ئۇ سۆزلەر شۇ مىللەتنىڭ ئورفگرافىيىسى بويىچە يېزىلىش قائىدە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ بوغوم تۈزۈلۈشىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن:

چون لیلی عالم دین اوتی ناگاه قولاقیغه بر آواز کیلدیکی درد بلانینک پادشاهی عشق
اهلی نینک شهنشاهی قوبغیلکی یتادورغان محبوب جاننینک آخرتکا رحلت قیلدی
عاشقلیغینکنی کورگوزه دورغان کون دورکه محبوبونک اول سفریده تنها دور
دیدی مجنون بیلدیکی حال نه دور اگرچه ضعیفلیق دین نهال بولوب ایردی بو
خبرنینک انکلاب آهی سهمناک تارتی شیردیک اورنیدین سچرادی عاشقانه
غزل لار اوقوب لیلی نی طرفیغه شمال دیک یوگوردی لیلی نینک باشیدین ساچقو
قیلغالی جاننی قولیغه آلیب ایکی کوزیدین اریق سویدیک یاشش آقیزیب
نه اوزینی خلق اولدوروشدین قورقغای بی باک و بی ادبانه خلق
اراسیغه کیردی خلق مجنون نی هیبتی دین قورقتی ..........
« ملا صدیق یارکندی دە لیلی مجنون »

[Chün läyli alämdin ötti, nagah qulaqighä bir awaz käldiki därdi bälaning padishahi, ishq ählining shähänshahi, qobghilki, yetädurghan mähbubi janing axirätkä rihlät qildi. ashiqlighingni körgüzädurghan kündurki, mähbubung ol säfäridä tänhadur dedi. mäjnun bildiki, hali nädur. ägärchä zäifliqdin nihal bolup erdi. bu xäbärning [ni] anglap ahi sähämnak tartti. shirdäk ornidin sachradi. ashiqanä ghäzällär oqup läylini täräfighä shamaldäk yügurdi. läylining bashidin sachqu qilghali janini qolighä alip, ikki közidin ariq süyidäk yash aqizip, nä özini xälq öldürüshdin qorqghay, bibak wä bi ädbanä xälq arasighä kirdi. xälq mäjnunni häybätidin qorqti …

—Molla sidiq yärkändi《läyli — Mäjnun》

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ پارچە ئىچىدىكى «لىلى، ئالم، عشق، شهنشاه، محبوب، جان، اخرت، رحلت، سفر، تنها، مجنون، ضعيف، نهال، خبر، سهمناك، غزل، خلق، هيبت، حال، طرف، بلا، درد، اهلى، بى ادبانه، صديق …» قاتارلىقلار ئەرەبچە، پارسچە

سۆزلەر بولۇپ، بۇلار ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى بويىچە بوغۇم تۈزۈلۈپ يېزىلغان. ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ئاساسەن ياسالما سوزۇق تاۋۇشلار ئارقىلىق بوغۇم ھاسىل قىلىنىپ يېزىلغان. ئومۇمەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) ئەرەب، پارس تىلىغا خاس سۆزلەر ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە بىرىكىشىدىن ئىبارەت ئەرەب يېزىقىنىڭ ئىملاسى بويىچە يېزىلغان. تىلىمىزغا كىرگەن ئەرەبچە سۆزلەرنى تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ قېلىپى، يەنى ۋەزنىنى كۆرسىتىدىغان «ف، ع، ل» ھەرپلىرى بويىچە ئۆلچىگەندە، تۆۋەندىكىدەك شەكىللەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| (1) | فعل — | نقل | [näql] | عقل | ['äql] |
| (2) | فعل — | فكر | [fikr] | علم | ['ilm] |
| (3) | فعلت — | غيرت | [ghäyrät] | رحمت | [rähmät] |
| (4) | فعلت — | حكمت | [hikmat] | نسبت | [nisbat] |
| (5) | فعل — | حكم | [hukm] | حسن | [husn] |
| (6) | فعلت — | قدرت | [qudrät] | شهرت | [shuhrät] |
| (7) | فعل — | طلب | [täläb] | شرف | [shäräf] |
| (8) | فعل — | ظهور | [zuhur] | قصور | [qusur] |
| (9) | فعولت — | حكومت | [hukumat] | خصومت | [xusumät] |
| (10) | فعال — | كمال | [kämal] | قرار | [qärar] |
| (11) | فعالت — | جسارت | [jäsarät] | حماقت | [hämaqät] |
| (12) | فعالت — | عنايت | ['inayät] | هدايت | [hidayät] |
| (13) | فعال — | بناء | [bina'] | وصال | [wisal] |
| (14) | فعلان — | كفران | [kufran] | شكران | [shukran] |
| (15) | مفعلت — | مصلحت | [mäslähät] | مرحمت | [märhämät] |
| (16) | فعال — | دعاء | [dua'] | سوال | [sual] |

............

2) ئەرەب، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان ئۇيغۇر تىلىغا خاس ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش قائىدىسى بويىچە ئۇزۇك ۋە ياسالما سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلمىسىدىن ھاسىل قىلىنىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| وطن | + | داش | = | وطنداش | [wätändash] |
| وفا | + | سيز | = | وفاسيز | [wäfasiz] |
| دلبر | + | يم | = | دلبريم | [dilbärim] |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| [qäna'ätchan] | قناعت چان | = | چان | + | قناعت |
| [sälamätlik] | سلامت ليك | = | ليك | + | سلامت |
| [ruxsaring] | رخسارينك | = | ينك | + | رخسار |
| [säxawätlik] | سخاوتليك | = | ليك | + | سخاوت |
| [täläb äylämäk] | طلب ايلاماك | = | ايلاماك | + | طلب |
| [färwaz qilmaq] | فرواز قيلماق | = | قيلماق | + | فرواز |

............

3) ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ بوغۇملىرى ئاساسىي جەھەتتىن سوزۇق ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلمىسى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| [achilmadi] | اچيلمادى | [achilip] | اچيليب |
| [külmädi] | كولمادى | [külüp] | كولوب |
| [mändin] | ميندين | [almading] | المادينك |
| [buxil] | بوخيل | [özgä] | اوزكا |
| [boldi] | بولدى | [qilsang] | قيلسانك |
| [közlärimdin] | كوزلاريمدين | [yighlamaq] | ييغلاماق |
| [qilghusi] | قيلغوسى | [äylämäk] | ايلاماك |

............

4) بەزى سۆزلەر ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر بولسىمۇ، ئەرەب يېزىقى ئىملا قائىدىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۇزۇك تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگۈچى ھەرپلەرنى بىر - بىرىگە قوشۇپ يېزىش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان. ئەمما بۇ خىل سۆزلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەرەب يېزىقى ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىلغان بۇنداق سۆزلەر كونتېكىستتىكى مەزمۇنغا ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلارنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| [xotän] | ختن | [käldi] | كلدى |
| [sän] | سن | [män] | من |
| [qaysi] | قيسى | [baghri] | بغرى |
| [keyin] | كين | [qandagh] | قنداغ |
| [barchä] | برچه | [qarap] | قراب |
| [yaxshi] | يخشى | [yaman] | يمان |

............

## 2. قىسمەن فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر

1) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر تاۋۇشلار ئاساسەن «ئى،

ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمايدۇ (كېيىنكى دەۋردە كۆرۈلگەن قىسمەن ئاجىزلىشىش ئەھۋالى بۇنىڭ سىرتىدا). مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| جان - جانى | بوستان - بوستانى |
| قان - قانيمغه | ادم - ادمى |
| قاش - قاشى | ال - اليب |

بو حسرت بیله چیقسه جانی آنینک بولورتا ابد بیزکا قانی آنینک

سوال ایلادی سن نچوک آدمی سنکا قایسی کلنینک توشوبدور غمی

[Bu häsrät bilä chiqsä jani aning, Bolur ta äbäd bizgä qani aning. Sual äylädi sän nechük adämi, Sanga qaysi gulning tüshüpdur ghämi.]

—A. Nizari.

2) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ئەھۋالى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش دېگۈدەك ھالەتتە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| [öylük] | اويلوك | [körün'gän] | كورونكان |
| [kirgän] | كيرگان | [käldim] | كلديم |
| [kichiklikdä] | كيچيك ليكدا | [qilghan] | قيلغان |
| [yüzüng] | يوزونك | [könglüm] | كونكلوم |
| [toqulghan] | توقولغان | [kördüng] | كوردونك |

جانیم اورتاندی سنینک اوتلوغ جمالینکنی کوروب ،

کونکلوم ایچره توشدی اوت رخسار آلینکنی کوروب .

[Janim örtändi, säning otlugh jämalingni körüp, könglüm ichrä tüshdi ot ruxsar alingni körüp.]

—Agahi.

یتمکلیک ایرور مشکل منزلکه نیدینکیم بار ،

کوز خیره و تون تیره آت آقساق و یول تایغاق .

[Yätmäklik erur mushkil mänzilgä nedinkim bar, Köz xiyräwu tün tiyrä, at aqsaqu yol tayghaq.]

—Zälili.

بىراق، قولىيازمىلاردا بۇ خىل ماسلىشىش ھادىسىسى ئىزچىللىقنى ئەكس ئەتتۈرەلمە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەن، يەنى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە چۈشمەيدىغان بەزى ئەھۋاللارنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئەمما بۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش جەھەتتىكى ئومۇمىي تەرەپتىن ئالغاندا قىسمەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قوچاغيغه | [quchaghighä] | پادشاەليك | [padishahlik] |
| پادشاهيغه | [padishahighä] | بولسه | [bolsä] |
| بارگاەكاكلدى | [bargahkä käldi] | جانيغه | [janighä] |

کوپ ای گل اورمه بلبل جانیغه بیداد خارینگکیم ،

سینی و مین دیک گل و بلبل نی کوپ اوتکاردی بو بوستان .

[Köp äy gul, urmä bulbul janighä bidad xaringkim, Sänu mändäk gulu bulbulni köp ötkärdi bu bostan.]

—Näwai.

3) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قىسمەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «غ» تاۋۇشىنىڭ «ق» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىش جەريانى ئەكس ئەتكەن. شۇڭا بۇ خىل سۆزلەر «غ» بىلەنمۇ، «ق» بىلەنمۇ يېزىلغان. بۇ ھال ئەسلىدە «ق» بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭمۇ بەزىدە «غ» بىلەن يېزىلىپ قېلىشتەك ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن:

ياروغ ~ ياروق

قوروغ ~ قوروق

ارتوغ ~ ارتوق

قانداغ ~ قانداق

مونداغ ~ مونداق

قاتيغ ~ قاتيق

ساريغ ~ ساريق

اياغ ~ اياق

شونداغ ~ شونداق

تفراغ ~ تفراق

تفراغىمنى تفراقيغه قاتقوسيدور .

[Tufraghimni tufraqighä qatqusidur.]

—Molla sidiq yärkändi《Färhad — shirin》.

| قەدىمكى | چاغاتايچە | ھازىرقى |
|---|---|---|
| اياق | اياغ | ئاياق |
| بولاق | بولاغ | بۇلاق |
| قايناق | قايناغ | قايناق |
| يفراق | يفراغ | ياپراق |

| | | |
|---|---|---|
| تفراق | توفراغ | تۆپراق |
| ساووق | ساووغ | سوغۇق |
| اچليق | اجليغ | ئاچلىق |
| قوتلوغ | قوتلوغ | قۇتلۇق |

4 ) ئەرەب ۋە پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىكى ئەسلىدە يالغۇز فەتھە بىلەنلا ئىپادىلەنگەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشنىڭ «ا» [älif] لىق بوغۇمىدىن بۇرۇن كەلگەنلىرى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە «ئا» تەلەپپۇز قىلىنغان. ئەمما چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمەن «ئە» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|---|
| مكان | [mäkan] | ماكان |
| طعام | [tä'am] | تائام |
| نمايان | [nämayan] | نامايان |
| سماء | [säma'] | ساما |
| صبا | [säba] | سابا |
| حيا | [häya] | هايا |
| بهار | [bähar] | باهار |
| زمان | [zäman] | زامان |
| ......... | | |

5 ) ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ا» بىلەن ياكى «ا» سىز فەتھە بىلەن ئىپادىلەنگەن تاۋۇشنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئا» بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقانلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يەنىلا «ئا» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اداق | [adaq] | (ئاخىر، سوڭ، ئاياق) |
| ايوان | [aywan] | |
| ايقماق | [ayiqmaq] | (هېيىقماق، هۇشيار بولماق) |
| ايماق | [aymaq] | (1) ئۇرۇغ، قەبىلە (2) ئېيتماق، دېمەك |
| ايرو | [ayru] | (ئايرىم، باشقا، ئۆزگە) |
| قجاباشلادى | [qacha bashladi] | |
| يلانك | [yalang] | |
| قرا ~ قره | [qara ~ qarä] | |
| قيسى | [qaysi] | |
| قراغ ~ قراق | [qaragh ~ qaraq] | (كۆز قارىچۇقى) |
| قرارماق | [qararmaq] | (قارايماق) |

قتق چيليك [qattiqchilik] (قيينچلىق)

قشانك ~ قاشانك [qashang]

6) سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى فەتھە بىلەن ئىپادىلەنگەن («ا» سىز) تاۋۇش هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئې» غا ئاجىزلاشقان. ئەمما چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يەنىلا «ئە»؛ فەتھەلىك هەرپتىن كېيىن «ى» [ya] هەرپى قوشۇلۇپ ئىپادىلەنگەن بولسا، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە «ئە» ياكى «ئې» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق، بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە «ئە» نى ئىپادىلەيدىغان تاۋۇش سۆز تەركىبىدە (ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەردە) ئايرىم هەرپ بىلەن ئىپادىلەنمىگەنلىكى ياكى يېزىقتا كۆرۈلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىغا خاس قىسمەن سۆزلەردە بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى بويىچە، بۇ خىل تاۋۇشنى «ى» [ya] بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

من ~ مين [män]

سن ~ سين [sän]

دك ~ ديك [däk]

شۇڭا، بۇ خىل سۆزلەردىكى «ى» تاۋۇشنى «ئە»؛ «ا»تىن كېيىن «ى» قوشۇلۇپ «اي ـ» شەكلىدە ئىپادىلەنگەنلىرىنى «ئې» تەلەپپۇز قىلىش مۇۋاپىق دەپ قارايمىز («اي ـ» نىڭ «ئى» تەلەپپۇزى بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ ھەقتە «سوزۇق تاۋۇشلار» غا قاراڭ):

كتماك ~ كيتماكوم [kätmäk ~ kätmägüm]

كلدى ~ كلسه ~ كيلسانك [käldi~kälsä~kälsäng]

كتورماك [kätürmak] كيتارماك [ketärmäk] (كەتكۈزمەك، يوق قىلماق، يوقاتماق)

كتور ~ كيتور [kätür]

اتكان [ätkän] ايتكالى [etkäli]

امدى [ämdi] ايمدى [emdi]

دب ~ ديب [däp]

بش ~ بيش [bäsh]

تكدى ~ تيكدى [tägdi]

7) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئى» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇش مەيلى كەسرەلىك ئىپادىلەنسۇن، ياكى كەسرەلىك هەرپتىن كېيىن «ى» هەرپى قوشۇلغان بولسۇن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشلا «ئى» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كريب [kirip] كيركالى [kirgali]

چقيب [chiqib] چيقسه [chiqsä]

تريكليك ~ تيريكليك [tiriklik]

استاسه ~ ايستاسه [istäsä]

بر ~ بير [bir]

8) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بەزىدە «و» ئارقىلىق، بەزىدە زەممە ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇڭا بۇ خىل سۆزلەر تەلەپپۇزىغا قاراپ «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» بويىچە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قوشولدى ~ قشولدى | [qoshuldi] |
| قويوب ~ قيوب | [qoyup] |
| يوسون ~ يسون | [yusun] |
| بوت ~ بت | [but] |
| تورور ~ ترور | [turur] |
| كويوک ~ كيوک | [köyük] |
| كولوب ~ كلوب | [külüp] |

9) ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە مەيلى تۈپ سۆز بولسۇن، مەيلى ياسالما سۆز بولسۇن، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلگەن «ا» هەرپى «ئا» بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اتلاماق | [atlamaq] | (ئاتلىماق) |
| اغيرلاماق | [aghirlamaq] | (ئۇلۇغلىماق، هۆرمەتلىمەك) |
| الداراماق | [aldaramaq] | (ئالدىرىماق) |
| اوشانماق | [ushanmaq] | (هوشسىزلانماق، هەرىكەتتىن قالماق) |
| چيرماماق | [chirmamaq] | (چىرمىماق، ئورىماق) |
| قاولاماق | [qawlamaq] | (قوغلىماق، هەيدىمەك) |

10) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلگەن «ە، ـە» نىڭ تەلەپپۇزى «ئە» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلمايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| شاهغە | [shahghä] | («شاهقا» | ئەمەس) |
| باشقە | [bashqä] | («باشقا» | ئەمەس) |
| باشيغە | [bashighä] | («باشىغا» | ئەمەس) |
| قيسقە | [qisqä] | («قىسقا» | ئەمەس) |
| قارە | [qarä] | («قارا» | ئەمەس) |
| قاتلە | [qatlä] | («قاتلا» | ئەمەس) |
| يارە | [yarä] | («يارا» | ئەمەس) |

11) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلگەن «ا»، ياكى فەتهە ۋە «ە، ـە» تاۋۇشى ئوخشاشلا «ئە» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اوتكارماک | [ötkärmäk] | (ئۆتكۈزمەك) |
| اورتانماک | [örtänmäk] | (كۆيمەك) |

www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| كوركاج | [körgäch] | | | |
| كورماكان~كورمكان | [körmägän] | | | |
| اوزكاسی | [özgäsi] | | | |
| ایلكاری | [ilgäri] | ایچكاری | [ichkäri] | |
| بیلكورماك | [bilgürmäk] | | | (بىلدۈرمەك) |
| كوتاردی | [kötärdi] | بیلان | [bilän] | |
| یورك | [yüräk] | توبن | [töbän] | |
| اوتمایین | [ötmäyin] | (ئۆتەلمەي) | | |
| بیلا~بیله | [bilä] | بیرله | [birlä] | |

12) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن «چ» تاۋۇشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ئىش، ئۈش» [ish, üsh] بوغۇملىرىنىڭ ئالدىدا كەلسە «ت»؛ «ئاچ» [ach] بوغۇمىنىڭ ئالدىدا كەلسە «س» بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | |
|---|---|---|
| چۈش | توش | [tüsh] |
| چۈشۈمدە | توشومدا | [tüshümdä] |
| چىش | تیش | [tish] |
| چىشلىك | تیشنك | [tishing] |
| چۈشمەك | توشماك | [tüshmäk] |
| چاچ | ساچ | [sach] |
| چېچىپ | ساچیب | [sachip] |
| چاچماق | ساچماق | [sachmaq] |
| چېچىلىك | ساچینك | [saching] |

13) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسلى ئۇيغۇر تىلىغا خاس بەزى سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ى» تاۋۇشى، سۆز تەركىبىدە كەلگەن «غ» ياكى «گ» تاۋۇشلىرى «ۋ» بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | |
|---|---|---|
| ئۆي | ایو | [ew] |
| سۆي | سیو | [säw] |
| سۆيمەك | سیوماك | [säwmäk] |
| موزاي | بوزاو | [bozaw] |
| موزاي | بوزاغو | [bozaghu] |
| قوغۇن | قاوون | [qawun] |
| قوغۇن | قاوغون | [qawghun] |
| تۆگە | تیوه | [tiwä] |
| سوغۇق | ساووق | [sawuq] |
| ئىككىيلەن | ایكاولان | [ikäwlän] |

| | | |
|---|---|---|
| سۆيۈنۈش | سيوينچ | [säwinch] |
| سۆيۈنچە | سيوينچه | [säwinchä] |

(14) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىدىغان «ۋ» تاۋۇشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە «ب» بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | |
|---|---|---|
| ئاۋات | اباد | [abad] |
| بوۋا | بابا | baba |
| باغۋەن | باغبان | [baghban] |
| لەۋ | لب | [läb] |
| نەۋرە | نبيره | [näbirä] |
| تەۋرىمەك | تبراماك | [täbrämäk] |
| تەۋرىمەك | تيبراماك | [täbrämäk] |
| هارۋا | عرابه | [ʹärabä] |

15) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان «ب»، «د» ياكى قىسمەن سۆز تەركىبىدىكى «ب» قاتارلىق ئۇزۇك تاۋۇشلاردا بولىدىغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| مقصد | [mäqsäd] | مقصدى | [mäqsädi] |
| مكتوب | [mäktub] | مكتوبى | [mäktubi] |
| سبب | [säbäb] | سببى | [säbäbi] |
| عذاب | [ʹäzab] | عذابى | [ʹäzabi] |
| اسباب | [äsbab] | اسبابى | [äsbabi] |
| اجداد | [äjdad] | اجدادى | [äjdadi] |
| سواد | [säwad] | سوادى | [säwadi] |
| نجاد | [näjad] | نجادى | [näjadi] |

| هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | |
|---|---|---|
| مەكتۇپ | مكتوب | [mäktub] |
| مەغلۇپ | مغلوب | [mäghlub] |
| غەزەپ | غضب | [ghäzäb] |
| موپتىلا | مبتلا | [mubtäla] |
| تەلەپ | طلب | [täläb] |
| مۇرىت | مريد | [murid] |
| تەھدىت | تهديد | [tähdid] |
| مەقسەت | مقصد | [mäqsäd] |
| ساداقەت | صداقد | [sädaqäd] |

16) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «پ» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بەزى ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ف» تاۋۇشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئىزچىل «ف» يېزىلىدۇ ھەمدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«ف» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | |
|---|---|---|
| شاپائەت | شفاعت | [shäfa'ät] |
| شەپەق | شفق | [shäfäq] |
| خەلىپە | خليفه | [xälifä] |
| پۇرقەت | فرقت | [furqät] |
| پاسىل | فاصل | [fasil] |
| تەپسىر | تفسير | [täfsir] |
| جاپا | جفا | [jäfa] |
| ۋاپادار | وفادار | [wäfadar] |

......

17) كەسرىلىك ھەرپتىن كېيىن «ى» [ya] بىلەن ئىپادىلەنگەن سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش [iy] بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ديدار | [diydar] | (1) ئۇچرىشىش (2) يۈز، چىھرە |
| ديده | [diydä] | (كۆز) |
| دينار | [diynar] | (ئالتۇن ئاقچا) |
| زينت | [ziynät] | (بېزەك) |
| سيم | [siym] | ((1) كۈمۈش (2) ئاق) |
| سيمبر | [siymbär] | (ئاپئاق، گۈزەل) |
| سيما | [siyma] | (يۈز، چىھرە) |
| تيره | [tiyrä] | (قاراڭغۇ؛ قارا) |
| قيل وقال | [qiyluqal] | (گەپ ـ سۆز) |
| عيد | ['iyd] | (ھېيت، بايرام) |
| عيدگاه | ['iydgah] | (سەيلىگاھ) |

......

18) پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردىكى زەممىلىك ھەرپتىن كېيىن كەلگەن «و» [waw] تاۋۇشى [ow] شەكلىدە ئەمەس، بىردەك «äw» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| دولت | [däwlät] | (dowlät ئەمەس) |
| كوهر | [gäwhär] | (gowhär ئەمەس) |
| نوبت | [näwbät] | (nowbät ئەمەس) |
| رونق | [räwnäq] | (rownäq ئەمەس) |
| شوكت | [shäwkät] | (showkät ئەمەس) |
| ذوق | [zäwq] | (zowq ئەمەس) |

......

19) ئەرەب، پارس تىلى سۆزلىرىدە زەممە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان قىسقا «ئۇ»

تاۋۇشى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلماي، بىردەك «ئۇ» [u] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ['ushshaq] | عشاق | [gul] | كل |
| ['umr] | عمر | [burhan] | برهان |
| [gulistan] | كلستان | [hurmät] | حرمت |
| [dushmän] | دشمن | [suhbät] | صحبت |
| [zuhrä] | زهره | [tu'mä] | طعمه |
| [hujjät] | حجت | [kutub] | كتب |
| [sukut] | سكوت | [mulk] | ملك |
| [hunär] | هنر | ['ulämä] | علما |
| [ulfät] | الفت | [täbässum] | تبسم |
| [gunbäz] | كنبذ | [jumlä] | جمله |

......

20) «خ» ھەرپىنىڭ كەينىگە «و» بىلەن «ا» قوشۇلۇپ «خوا» شەكلىدە كەلگەن سۆزلەردە «و» تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| [xajä] | خواجه | [xahishi] | خواهيش |
| [xaräzm] | خوارزم | [ghämxar] | غمخوار |

△ *... ترتيب برماک برله خواهيش قيليندى* —*عبدالله.*

(...tärtib bärmäk birlä xahish qilindi.) — Abdullah.

△ *غميم ايتورغا ميندا يوقدور غمخوار* —*صلاحى.*

(ghämim ayturgha mändä yoqdur ghämxar.) —sälahi.

△ *انينک کناهى‌نى خواجه‌سى اوتماسا خواجه‌نينک کناهى‌نى...*

(aning gunahini xajäsi ötmäsä, xajäning gunahini...) —chähar därwish.

21) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قىسمەن سۆزلەردە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، قوشۇلۇپ قېلىشى ۋە تاۋۇشلاردىكى ئۆزئارا ئورۇن ئالمىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مەلۇم پەرقلەر كۆرۈلىدۇ. ئەمما بۇ خىل پەرق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە بېقىنغان ھالدا ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدە ياكى دىئالېكتلار ئارا بولۇۋاتقان قىسمەن فونېتىكىلىق پەرقلەردىنلا ئىبارەت. مەسىلەن:

| | چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|---|
| [chärxchi] | جرخجى | چاقچى |
| [sübät] | سوبت | سېۋەت |
| [oyghaq] | اويغاق | ئورغاق |
| [qarchi] | قارجى | قايچا |
| [tarbuz] | تربوز | تاۋۇز |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| [äynalu] | اينالو | ئەينولا |
| [nähäng] | نهنك | لەھەڭ |
| [örmächük] | اورماجوك | ئۆمۈچۈك |
| [qongghaz] | قونكغاز | قوڭغۇز |
| [chäkätkü] | جكتكو | چېكەتكە |
| [qaydagh] | قايداغ | قانداق |
| [tögürmän] | تكورمن | تۈگمەن |
| [täharät] | طهارت | تەرەت |
| [särtarash] | سرتراش | ساتىراش |
| [dudun] | دودون | دۈردۈن |
| [chorqan] | جورقان | چۇقان |
| [aghramchi] | اغرامجى | ئارغامچا |
| [sargharmaq] | سارغارماق | سارغايماق |
| [chaygun] | چايكون | چۈگۈن |
| [örgätmäk] | اوركاتماك | ئۆگەتمەك |
| [ermäs] | ايرماس | ئەمەس |
| [tamghaq] | تامغاق | تاماق ( گال ) |
| [tört] | تۆرت | تۆت |
| [qärinata] | قرين اتا | قېيناتا |
| [qärinana] | قرين انا | قېينانا |
| [aycha] | ايجا | ئاچا ( هەدە ) |
| [shumbura] | شوم بورا | شۇمبۇيا |
| [sawuq] | ساوق | سوغۇق |
| [sabunchi] | صابونجى | سوپۇنچى |
| [nanbay] | نانباى | ناۋاي |
| [äbrä] | ابره | ئەۋرە |
| [hawli] | حولى | هويلا |
| [mähafä] | محافه | مەپە |
| | | ...... |

△ آیرمچی ماشناچی کل‌چی حم سوبت‌چی لار بیرلا ، دوتارچی شناچی جرچی اوتاچی قالدر خوار ایلاب .

△ تیش اوینغاق طشتیکیر بیل قارچی دزمال ، جوموچ کفکلی ایاق هسینه آتش اوبامس .

△ بدام اینالو بیرلا قرا اورتوک دورباچیلانچیکده ، قوغون تربوز دیکو نجه نفسم اندا قیلغوسی پرواز .

△ سفر کورکان برادرلار روایت قیلغوسی اندین ، چنقیب کاته نهنک لاینه سوغه جوملوسی اولدور .

△ اورماجوک قونلغاز جلتلو بورکه سیه فیت مو (بار) ، سابجی تورک فیت سالمه بیرلا فاتماجوق کوزی حقیر .

△ ینه حم بونچی مرال دیدور بولار قایداغ آیلین ، غالباً بو وحشی لار که هسن حرام حلمیدا تور .

△ کچیک ایرماهی جسم زور گوشتی حرام حیوان (بوکیم) ، فیل خچیر شیر ایت اشک بوری ایغ میمون نی سور .

△ گوشت حیوان جمله سیدین نجه قسمی دور (حلال) ، ینه تیش تامغاق کلکدک لار که حر یاندین لذیذ .

△ ینه تورت نی قرین آتا قرین آنا دیمک سحر ، بورکمینی دیمار اوزله آطینی بردیک ات اسکی .

△ قری بولسون یاش بولسون غولانکه ریاشدور ، ینه آیچ قرنداش آچا بیرلا سنکلی سیه حمشیر .

△ دیه عبدالله اوز و تک نینک غیرینی سین شوم (بورا) ، شوم لو قونلدین اوزکه نی شوم دیب بوغوزلار سنو فیخ .

△ اولاد آتکلا سام اوستیده اصلاب آیلین (موبوق) ، سادق اوتماسکیلکی بولماد سکونکلاک جفا باعث .

△ صابونچی اوسته دیدور منیز الیب یاغ حم شخالار نی ، اولارنی ایرتیب صابون قیلور غنچ آتلوسی شربت .

△ بعض آشغه بعض نانبا بعض صیفونکلوق (قلیب) قجه نی یوب فوق ایر غلاب سفوروب اخلت ان .

△ یل باشی کونلاردا کلمه ابشر نبشر بیانیب ، جالدوروب طنبور دوتار اوینجفا قیلغان اتا .

△ ای یارانلار لطف حق دین یرجهان قیلغانتا ، وای بلام دیب یرکه حولی اوی مکان قیلغانتا .

△ عرابه بیرله محافه یا تکلوس یا سوقه ، اوی عمارت یا اشتیک یوق یرده درواز یم ایماس .

△ بی طهارت من اتینک اسم شریفینی دیسام ، احتمال آغزیم غه قورقاق یاکی تمرتکلو حقیش .

△ عجب دوستلر اش تیغ لیر باشدین ساچنیغ الغافلار ، توشوگان باش کسیکادین مویوق کونکلی دابر وحشت .

△ ابریشیم کا بقسم شاهی جی هم حیت فروش ، نظر که کمخاب توار دو دون جینی ایتقان ثواب .

△ بلم قاشی دلبر عیکاری هم بار توقباشیم دیدور ، اوز که غرض سواب خدمت آلور کوب غلبه جور قانزدا .

△ بولار تینک قسمیدین زبان که بیلیم کیلیر تغار خوجون ، کشا اغزالجی شوبینه حیلد دین بیرله حیان اخلاص .

△ لونگلی دستور خوان وسفره یغده کنزنه فلکیک زردوار تور جاینمازنی یاش قریغیزلار توقوش .

△ سونفارغان بیرله کوز وقتیدا بشمه ، انکا اویغاق کراک قولدا بولالماس .

△ قزان جاکیلون جینی فتنوص و تخته ، حیلافچی آفتوبه سینه یورت سور الماس .

△ قچان کوز فصلی بولغاندا زراعت بارچه پیشقاندا کلیب اویغاق بلان اندا تیریغان اویار فرزند .

△ بو قینیر بیچاره لار ناکاه اوکاتینک قولیدا قالسه ، جراي سارغاریب عمری مشقت داو تارلار قینیر .

△ انی اورکاتکلوسی طالب لاری غه ، ایماس دوراوزکا دیک جاهل مدرس .

— «کتاب عبدالله»

## 3 . قوشۇمچىلارنىڭ تەلەپپۇزى

1) «دا، ده» [da, dä] . بۇ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بولۇپ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلسە، بىردەك «ده» [dä] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اوستيدا | [üstidä] | اويدا | [öydä] |
| مشقت دا | [mushäqqätdä] | كوكدا | [kökdä] |
| صحبتيدا | [suhbätidä] | جنت دا | [jännätdä] |
| حجريدا ~ هجريده | [häjridä] | | |
| جمندا ~ جمنده | [chämändä] | | |
| حيندا ~ مينده | [mändä] | | |
| كونكلومدا ~ كونكلومده | [könglümdä] | | |
| ايچيمدا | [ichimdä] | ايچيدا | [ichidä] |
| ايچينده | [ichindä] | مجلس دا | [mäjlisdä] |

△ *تخت اوستيداكى پرنينك خياليدا مجنون وار بولوب ايرديم* — «جهار درويش»

△ *كويوب هجريده فرقت كا قالورسين* — صلاحى.

△ *سن سيزين اى دلربا جنت‌دا غلمان بولماسون* — كامل.

△ *اجيليب مجلس‌دا رخسارينك كل افشان قيلماديناك* — كامل.

△ *توشوب بلبل باشيغه كل هواسى،*
*يتاركوكدا انينك اه‌و نواسى* — صلاحى.

△ *كراولسام قالمغاى كونكلومده ارمان* — صلاحى.

△*نيجه‌كون اوجوب بلبل بيرجمندا توشكانى* — صلاحى.

△ *جمنده بارايدى بىر يخشى سنبل*
*قونوب شاخيغه سيرار ايردى بلبل* — صلاحى.

△ *يمانلار صحبتيدا بولما هركز* — صلاحى.

△ *مىنينك ايچيمدا يوزمينك دردوغم بار*
*غميم ايتورغا ميندا يوقدو غمخوار* — صلاحى.

△ *لعل جانبخشينك فراقيدا مينكا اى كلعذار*
*كلشن جنت ايچيده ابحيوان بولماسون* — كامل.

△ *نه خوش دور كل ايچينده خوش دورور يار* — صلاحى.

△ *جرايى سارغاريب عمرى مشقت دا اوتارلار...* — عبدالله.

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلسە، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلماي «دا، ده» بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اندا | [anda] | موندا | [munda] |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| الیده | [alidä] | بابیندا | [babida] |
| جهاندا | [jähanda] | جهانده | [jähandä] |
| اسماندا | [asmanda] | یولدا | [yolda] |
| الدیدا | [aldida] | الدیده | [aldidä] |
| قاشیده | [qashidä] | کوییدا | [koyida] |
| پیشقاندا | [pishqanda] | فراقینک دا | [firaqingda] |
| خوبلوقدا | [xobluqda] | جسمیده | [jismidä] |
| یراقده | [yiraqdä] | اشتیاقده | [ishtiyaqdä] |
| ارقاسیده | [arqasidä] | بولغاندا | [bolghanda] |

△ سینکا معلوم بولماس اندا توروب
مینی موندالیغیم حسن وجمالیم — صلاحی.
△ خورشید عزارینک الیده یوق،… — کامل.
△ ایلادینک مهروفا بابیدا قایسی وعده‌لار — کامل.
△ دیدی بو قوش ایشیم جهاندا
اتیم مشهوردور مین اسماندا — صلاحی.
△ جمن نینک سیرایتیب هرکز جهانده
تاپالمای سین مینینک دیک دلربانی — صلاحی.
△ توکل ایلابان توش سانک بو یولدا
خدانینک لطفی دور کیرسانک بو یولدا — صلاحی.
△ صبا الدیده قویدی بو غربنی — صلاحی.
△ تواضع بیرلا کل الدیده توردی
ادب بیرلا صبا کل حالینی سوردی — صلاحی.
△ الدیدا قل دیک غنه حسنی انینک کل دیک غنه — عبدالله.
△ قزیل کل قاشیده توردی نظرگاه — صلاحی.
△ کدالیق کوییدا بعضا یگیت لار مانکدی خدمتدا — عبدالله.
△ قجان کوزفصلی بولغاندا زراعت بارجه پیشقاندا — عبدالله.
△ کیم فراقینک دا انینک یاشیچه دریا کورمادوک — عطایی.
△ خوبلوقدا اول صنم اولقی لارغه اوخشاماس — نوائی.
△ من کورکاج انی بیخود اولوبمن بوصفت کیم
کیم کورسه دیکای یوقتور انینک جسمیده جانی — کامل.
△ کیشی یاری اکر بولسه یراقده
کیچه کوندوز کویار اول اشتیاقده — صلاحی.
△ بهار ارقاسیده بادخزان بار
خزان کیلسه نه مین بارو نه سین بار — صلاحی.

2) «غه، قه، کا(که)، ئه» [ghä, qä, gä, (kä), ä] — بۇلار يۈنىلىش كېلىش

قوشۇمچىلىرى بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار (تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلگەن «غا، قا» دىن باشقا، مەسىلەن: اياغيغا [ayaghigha]، اوتيغا [otigha]، بلبلغا [bulbulgha]، باغقا [baghqa] ) ئەسلى تېكىستكە ـ كونتېكىستقا قاراپ «غه، قه، گه، كه، ئە» [ä, kä, gä, qä, hgä] بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قولونكغه | [qolung ghä] | لبينك غه | [läbing ghä] |
| شكارغه | [shikarghä] | قاشيغه | [qashighä] |
| طرف غا | [täräfghä] | رقيبيم غا | [räqibimghä] |
| درديغا | [därdighä] | مينار كا | [minärgä] |
| ير كا | [yärgä] | كل كا | [gulgä] |
| اوتقه | [otqä] | اچماققه | [achmaqqä] |
| جمن كا | [chämän'gä] | فرقت كا | [furqätkä] |
| حسرت كا | [häsrätkä] | ايچيكا | [ichigä] |
| كوزلوك كه | [közlükkä] | همهكه | [hämmägä] |
| ادم كه | [adämgä] | ايكوكا | [ikäwgä] |
| قاشينكا | [qashingä] | ياشينكا | [yashingä] |
| كشيكا~كشي كا | [kishigä] | | |

△ *بو حوروش نينك قيسى طريقه برله قولونكغه كلتوردونك* — *«جهار درويش»*

△ *يخشى اط ادمكه ايكنجى عمردور* — *«اخلاق المحسنين»*

△ *يخشى لارنينك يخشى صحبتكه ميل قيلماق،… همهكه واجب دور*

— *«اخلاق المحسنين»*

△ *من درويش لار قاشيغه بارورمين* — *«جهاردرويش»*

△ *بادشاه بركون شكارغه چيقيب ايردى* — *«اخلاق المحسنين»*

△ *ايستامان كيم عشق مندين اوزكانى قيلغاى اسير*
*هيج كشى كا بولماسون يارب منكا بولغان بلا* — *نوائى.*

△ *كوسان خلقى توپلونوب اقسوغه كيليب مونداكى خلق بيلان سو بوغوزيغه يتىلار كوراركيم دريا سويى نهايتى استين توشۇبدور*

— *«تزكرةالرشاد»* .

△ *من طرفغا قيلمادينك هركز خطا دين برنكاه*
*تا رقيبيم غا باقيب يوز لطف احسان قيلمادينك* — *كامل.*

△ *بناكه يتى بلبل بيرجمن كا*
*كليب توشدى كلستان سمن كا* — *صلاحى.*

△ *قيامتدا قايداغ باراى قاشينكا*
*كى غرق اولغامن اندا كوز ياشينكا*

— *نزارى «ليلى مجنون»* .

3) «سا، سه» [sa, sä]. شەرت رايى قوشۇمچىسى «سا، سە» تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلسە، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلماي «سا، سە» بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بارسا | [barsa] | بارسه | [barsä] |
| بولماسا | [bolmasa] | بولماسه | [bolmasä] |
| بولسا | [bolsa] | بولسه | [bolsä] |
| بولسانك | [bolsang] | بولماسانك | [bolmasang] |
| السا | [alsa] | السه | [alsä] |
| چيقسا | [chiqsa] | چيقسه | [chiqsä] |

△ *اكر پادشاه بولماسه ادميلار بر برينى نابود قيلورلار* — «اخلاق المحسنين»

△ *سحر وقتيدا عاشق بولسا بيدار*
*تاپار ديدارى نى بولسا طلب كار* — صلاحى.

△ *بولسه البته سنى استاب تفيشليق چونك انا* — عبدالله.

△ *يراقدين قيلماغيل سين عشقبازى*
*ياوق كيلكيل كورار بولسانك جماليم* — صلاحى.

△ *مينكا سين بولماسانك جانيم كراك ماس*
*سنينك دور كلشن وكويونك مينكا بس* — صلاحى.

△ *يوزونك قوياشيدين ايرو كر اولسه يوز خورشيد*
*منور اولماقى ممكن ايماس شبستانيم* — كامل.

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلسە، بىر دەك «سە» [sä] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| توش سا ~ توشسه | | | [tüshsä] |
| كورسا ~ كورسه | | | [körsä] |
| كيرسا ~ كيرسه | | | [kirsä] |
| كيرسانك | [kirsäng] | برسام | [bärsäm] |
| توش سانك | [tüshsäng] | كيلماسا | [kälmäsä] |

△ *هرنمرسەكە كوزى توشسه، ...* — «اخلاق المحسنين»

△ *قزيل كل نى تيكانى تيك توروب دور*
*كەبلبل كيلسه سانجاى ديب توروب دور* — صلاحى.

△ *من كوركاج انى بيخود اولوبمن بو صفت كيم*
*كيم كورسه ديكاى يوقتور انينك جسميده جانى* — كامل.

△ *توكل ايلابان توش سانك بو يولدا*
*خدانينك لطفى دور كيرسانك بو يولدا* — صلاحى

△ *كيشى يارى اوجون كورسا جفانى*

*انینک اورنیغا یار ایتکای وفانی* — صلاحی.

△ *قیلا المادیم خذمتینک ناتوان*
*کی برسام کرک ایردی الدینکدا جان*

*نزاری «لیلی مجنون».*

4) «ما، مه» [ma, mä]. بۇ قوشۇمچە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلسە «ما، مە» بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلمايدۇ؛ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملاردىن كېيىن كەلسە، بىردەك «مە» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قیلما | [qilma] | قیلمه | [qilmä] |
| بولما | [bolma] | بولمه | [bolmä] |
| تارتمه | [tartmä] | باقمه | [baqmä] |
| اقمه | [aqmä] | توتما | [tutma] |
| کلما | [kälmä] | کورما | [körmä] |
| قیلمادینک | [qilmading] | | |
| توتمادینک | [tutmading] | | |
| کولمادینک | [külmäding] | | |

△ *کاشکی خذمتینکغه کلماسام ایردی،...* — «جهاردرویش».

△ *کولمادینک برتا منی یوزقاتلا کریان قیلمادینک*
*توتمادینک برجام تاکونکلوم تولا قان قیلمادینک*

— کامل.

△ *محبت دین دم اورمه فاخته سین*
*کهعشق اوتیغه پیشمای خام ایرورسین* — صلاحی.

△ *بلند پرواز بول هرکلغه باقمه*
*سۇ ینکلیغ هر شجر تحتیکا اقمه* — صلاحی.

5) «لار» [lar, lär]. كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار» تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە، ئۆزى قوشۇلغان بوغۇمنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بولۇشىغا قاراپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| کل لار | [gullar] | قوش لار | [qushlar] |
| اولقی لار | [äwwälqilär] | ایزلار | [izlar] |
| کونلاردا | [künlärdä] | شاهلار | [shahlar] |
| تابماغایلار | [tapmaghaylar] | برادرلار | [bäradärlär] |
| کرفیک لار | [kirfiklär] | عزیزلار | [ʼäzizlär] |

△ *... فقیرلاردین باشقا بایلارهم شهزادهلار وزیرلار......*

— «تواريخ موسيقيون»

△ *شاەلار وشهزاده لار انينک حسنيده اسير بولغان ايدى*
△ *برادرلاريم منينک حقيمدا بى مروت ليق قيليب ميراث دين برماى قوغلاب چيقارديلار*
△ *فرمان قيلدى كيم تاشقارى اليب چيقيب دارغه اسغاىلار تا اوزكالار عبرت الغاى لار*

— «جهاردرويش» .

△ *يل باشى كونلاردا كلسه ابره نبره يسانيب* — عبدالله .
△ *جمن ايجره كزيب سيرارڍى بلبل*
*جمندا كل‌لار ايجره توشدى غلغل* — صلاحى .

6) ئىنكار ياكى ئالماش رولىدا كېلىدىغان «نه» قولىيازمىلاردا «نه، نى» شەكلىدە ئىككى خىل يېزىلغان. شۇڭا بىرلىككە كەلتۈرۈلمەي [nä, ne] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

△ *نه بلاغه اوچراديم كتيم اوزومدين اول كونى* [nä]
*(ئۇ كۈنى قانداق بالاغا ئۇچرىغۇدىمكى، ھوشۇمدىن كەتتىم.)* — نەۋائى
△ *نى قد بولور بونى قامت نى فتنەليک حركات* [ne]
*(بۇ قانداق قەد، قانداق قامەت، قانداق غۇلغۇلا سالغۇچى ھەرىكەت.)* — لۇتفى
△ *نه كونكلومكا زوق يتى نى جانيمغه جوش* [nä, ne]
*(كۆڭلۈم زوقلانمىدى، جېنىممۇ جانلانمىدى.)* — نەۋائى
△ *كەمن تلبه بيرله سنينک نى ايشينک* [ne] — نىزارى .
△ *انينک قاجماقيغه نه بولدى سبب* [nä] — نىزارى .

7) ئىملا جەھەتتە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا قوشۇمچىلارنى سۆز ئۇزىكىگە قوشۇپ يېزىش مەسىلىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇقىم قائىدىگە چۈشۈپ كېتەلمىگەن. پېئىل قوشۇمچىلىرى ئاساسەن ئۇزەككە قوشۇپ يېزىلغان، باشقا قوشۇمچىلار بەزىدە قوشۇپ يېزىلسا، بەزىدە ئايرىپ يېزىلغان (يۇقىرىقى مىساللارغا قاراڭ). ئەمما، بۇ خىل قوشۇمچىلار مەيلى سۆز ئالدى ياكى سۆز ئارقا قوشۇمچىلار بولسۇن، ترانسكرىپسىيىدە ئۇزەككە قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ.

ئومۇمەن، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى، فونېتىك ئالاھىدىلىكلەر، بەزى سۆز ياكى سۆز تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇزى، ئىملا قاتارلىق مەسىلىلەر پەقەت ئۆگەنگەنلىرىمىز، ھېس قىلغىنىمىز دائىرىسىدىلا يۇزەكى كۆرسىتىپ ئۆتتۇلدى. بۇ ھەقتە قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

# ئۈچىنچى قىسمەن ئەرەبچە، پارسچە تەركىبلەر

## 1. «ال» نىڭ ئىملاسى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلدا ئىزافەت كۆرسەتكۈچى «ال» ئارقىلىق تۈزۈلگەن، ئېنىقلانغۇچى ۋە ئېنىقلىغۇچى، يەنى بېقىنغۇچى ۋە بېقىندۇرغۇچى شەكلىدە كەلگەن بىر قىسىم ئەرەبچە تەركىبلەر — كىشى ئىسىملىرى، ئەسەر ۋە يەر جاي ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئىزافەت قوشۇش، باغلاش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئېنىقلانغۇچى ۋە ئېنىقلىغۇچى، يەنى بېقىنغۇچى ۋە بېقىندۇرغۇچى مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىگۈچى چۈشەنچىدىن ئىبارەت. ئەرەبچە بۇ خىل تەركىبلەردە ئېنىقلانغۇچى سۆز ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئىملادا ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ ئالدىغا ئادەتتە ئالدى قوشۇمچە رولىدىكى «ال» قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەرەب ھەرپلىرى قۇياش ھەرپلىرى [hurufi shäm si]: ت ث د ذ ر ز س ش ص ض ط ظ ل ن ۋە ئاي ھەرپلىرى [hurufi qämäri]: ا ب ج ح خ ع غ ف ق ك م ه و ى دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، «ال» نىڭ تەلەپپۇزى ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ھەرپنىڭ قايسى گۇرۇپپىدىكى ھەرپ ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

1) «ال» قوشۇلغان ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى قۇياش ھەرپى بولسا، «ال» [u] تەلەپپۇز قىلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

نوادرالشباب [näwadirush—shäbab] (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى؛ نەۋائى ئەسىرى)
منهاج النجات [munhajun—näjat] (قۇتۇلۇش يولى)
منطق الطير [mäntiqut—täyr] (قۇشلار تىلى)
دارالسلام [darus—sälam] (سالامەتلىك ئۆيى)
بيت النشاط [bäytun—nishat] (شاتلىق ئۆيى)
لسان الطير [lisanut—täyr] (قۇشلار تىلى)
كتاب الشفا [kitabush—shifa] (دورىگەرلىك كىتابى)
شمس الدين [shämsud—din]
غلام الدين [ghulamud—din]
عبدالرزاق ['abdur—räzzaq]

2) «ال» قوشۇلغان ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى ئاي ھەرپى بولسا، ئۇ ھالدا «ال» [ul] ياكى [äl] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

محبوب القلوب [mähbubul—qulub] (كۆڭۈللەر سۆيگۈنى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| مخزن الاسرار | [mäxzänul—äsrar] | (سىرلار خەزىنىسى) |
| كريم الاخلاق | [kärimul—äxlaq] | (گۈزەل ئەخلاق). |
| جملةالملك | [jumlätul—mulk] | (پۈتۈن مەملىكەت) |
| جليل القدر | [jälilul — qädr] | (ئۇلۇغ مەرتىۋىلەر) |
| دارالفنا | [darul—fäna] | (بۇ دۇنيا) |
| ميزان الاوزان | [mizanul—äwzan] | (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) |
| عين اليقين | [ʹäynul—yäqin] | (بىرەر نەرسىنى ماھىيىتى بىلەن ئېنىقلاشقا كۆرۈش) |
| على الاجمال | [ʹäläl—ijmal] | (قىسقىسى، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا) |
| على الاطلاق | [ʹäläl—itlaq] | (ئومۇمەن) |
| على الخصوص | [ʹäläl—xusus] | (خۇسۇسەن) |

3) ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ ئالدىدا، شۇ بىرىكمە ئېنىقلايدىغان يەنە بىر سۆز كەلسە، «ال» نىڭ ئالدىدىكى بىرىكمە [u] ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىدۇ؛ «ال» نىڭ تەلەپپۇزىدىكى [u] ئىزافە [i] تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| لغات الترك | [lughatut—türk] | (تۈركىي تىللار) |
| ديوان لغات الترك | [diwanu lughatit—türk] | (تۈركىي تىللار دىۋانى) |
| روضةالصفا | [räwzätus—säfa] | (ساپالىق باغ) |
| تواريخ روضةالصفا | [täwarixu räwzätis—säfa] | (ساپالىق باغ تارىخى) |

4) بىرىكمە تەركىبىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆزگە قوشۇمچىلار قوشۇلسىمۇ، «ال» نىڭ تەلەپپۇزىدىكى [u] ئىزافە ئوخشاشلا [i] تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ①. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| امرالله | [ämrullah] | (ئاللانىڭ ئەمرى) |
| بى امرالله | [biämrillah] | (ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن) |
| عون الاستاذ | [ʹäwnul—ustaz] | (ئۇستازنىڭ ياردىمى) |
| بعون الاستاذ | [biʹäwnil—ustaz] | (ئۇستازنىڭ ياردىمى بىلەن) |

## 2. ھىجرىيە ئاي ناملىرى

| | | |
|---|---|---|
| محرم | [muhärräm] | (1 ـ ئاي) |
| سفر | [säfär] | (2 ـ ئاي) |
| ربيع الاول | [räbiʹul—äwwäl] | (3 ـ ئاي) |
| ربيع الاخر/ربيع الثانى | [räbiʹul—axir/räbiʹus—sani] | (4 ـ ئاي) |
| جمادى الاول | [jämadiyäl—äwwäl] | (5 ـ ئاي) |

① خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرۇپ پولات: «چاغاتاي تىلى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى. 121 ـ بەت).

| | | |
|---|---|---|
| جمادى الاخر/جمادى الثانى | [jämadiyäl—axir/jämadiyäs—sani] | (6 - ئاي) |
| رجب | [räjäb] | (7 - ئاي) |
| شعبان | [shä'ban] | (8 - ئاي) |
| رمضان | [rämäzan] | (9 - ئاي) |
| شوال | [shäwwal] | (10 - ئاي) |
| ذوالقعده/ذى القعده | [zul—qä'dä/zil—qä'dä] | (11 - ئاي) |
| ذوالحجه/ذىالحجه | [zul—hijjä/zil—hijjä] | (12 - ئاي) |

## 3 . ئەبجەد ھېسابى

ئەرەب يېزىقىدا ھەربىر ھەرپ مۇئەييەن بىر سان مەنىسىنى ئىپادە قىلغان بولۇپ، شۇ ھەرپلەر ۋاسىتىسى بىلەن سان چۈشەنچىسىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەبجەد ھېسابى دېيىلىدۇ.

ئەبجەد ھېسابى — ھەرپلەرنى سان بىلەن، شۇنداقلا بەزىدە سانلارنى ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەپ، شۇ سانغا ۋەكىل بولغان ھەرپلەرنى ياكى ھەرپكە ۋەكىل بولغان سانلارنى ئۆزئارا جەملەپ، مەلۇم ئۆي - پىكىرنى ياكى مۇددىئانى ئوتتۇرىغا قويۇش سەنئىتىگە ئېيتىلىدۇ.

ئەبجەد ھېسابى ئەرەبچە ھەرپلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ مەلۇم بىر سانغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرتىپى بىلەن (سان - ساناق) چىقىرىدىغان بىر خىل سان سىستېمىسىدۇر. ئەبجەد ھېسابىدىكى ھەرپلەرنىڭ ھەربىرى ئۇچۇن تۆۋەندىكىدەك مۇقىم سان بەلگىلەنگەن (تىرناق ئىچىدىكىسى شۇ ھەرپكە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەخسۇس ساننى كۆرسىتىدۇ.) :

ا (1) ب (2) ج (3) د (4) ھ (5) و (6) ز (7) ح (8) ط (9) ى (10)
ک (20) ل (30) م (40) ن (50) س (60) ع (70) ف (80) ص (90) ق (100)
ر (200) ش (300) ت (400) ث (500) خ (600) ذ (700) ض (800) ظ (900)
غ (1000)

مۇئەييەن بىر ساننى ئىپادە قىلغان بۇ ھەرپلەر ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنى سان قىممىتى بويىچە مەلۇم تەرتىپكە سېلىپ، بىردىن مىڭغىچە بولغان سانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سان ئۇقۇمىدىن باشقا مەنە ئاڭلاتمايدىغان تۆۋەندىكىدەك سەككىز سۆز ھاسىل قىلىنغان. بۇ سۆزلەرنىڭ بىرىنچىسى ئەبجەد بولۇپ، ئەبجەد ھېسابى دېگەن ئاتالغۇ شۇ سۆزدىن ئېلىنغان.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ابجد | [äbjäd—10] | ھوز | [häwwäz—18] |
| حطى | [hutti—27] | كلمن | [kälämän—140] |
| سعفص | [sä'fäs—300] | قرشت | [qäräshät—1000] |
| ثخذ | [säxxäz—1800] | ضظغ | [zäzägh—2700] |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ابجــد هـوز حطى

10 9 8　7 6 5　4 3 2 1

كلــمن ســعفص قــرشت

400 300 200 100　90 80 70 60　50 40 30 20

ثــخــذ ضــظــغ

1000 900 800　700 600 500

ئەبجەد ھېسابى ئىپادە ئەتكەن سۆزلەر كۆپىنچە شېئىرىي شەكىلدە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ ئاساسەن تارىخ قالدۇرۇش، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تۇغۇلغان ـ ۋاپات قىلغان يىلى ياكى بىرەر ھادىسىنىڭ بولۇپ ئۆتكەن دەۋرى، بىرەر ئەسەرنىڭ يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان.

## 4 . پارسچە ئىزافەتنىڭ ئىملاسى

ئىزافەت ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنى باغلاپ، ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تىل تاۋۇشى. پارس تىلىدا ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىدىن كېيىن كېلىدۇ. ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئاخىرىغا ئىزافەت قوشۇلىدۇ. ئىزافەت پارس تىلىدا قىسقا سوزۇق [e] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يېزىقتا «—» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل ئىزافەت بىردەك قىسقا سوزۇق [i] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «—» بەلگىسى ئىملادا ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ:

1) ئېنىقلانغۇچى «ئا» دىن باشقا سوزۇق ياكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، مەزكۇر ئىزافەت «ئى» [i] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| زبان فارسی | [zäban—i farsi] | (پارس تىلى) |
| كلستان سعدی | [gulistan—i sä'di] | (سەئدىنىڭ گۈلىستانى) |
| دامنه كوه | [damänä—i kuh] | (تاغ ئېتىكى) |

2) ئېنىقلانغۇچى ئۈزۈن سوزۇق تاۋۇش «ئا» [a] بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، بىر «ی» [ya] ھەرپى قوشۇلۇپ [yi] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| دنیافانی | [dunya—yi fani] | (يوقىلىدىغان دۇنيا) |
| درياطارم | [därya—yi tarim] | (تارىم دەرياسى) |

«ال» سىز بىرىكىپ كەلگەن ئەرەبچە تەركىبلەردىكى ئىزافەتمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| بقا ابد | [bäqa—yi äbäd] | (ئەبەدىي بارلىق) |
| بقا جاويد | [bäqa—yi jawid] | (" ") |
| بحرعرفان | [bähr—i 'irfan] | (بىلىم دەرياسى) |
| افشانور | [ifsha—yi nur] | (نۇر چېچىش) |

| | | |
|---|---|---|
| كلام مختصر | [kälam—i muxtäsär] | (قىسقا سۆز) |
| عالم فانى | ['aläm—i fani] | (بۇ ئالەم) |
| تاريخ ادبيات | [tarix—i ädäbiyat] | (ئەدەبىيات تارىخى) |
| علوم شريعت | ['ulum—i shäri'ät] | (شەرىئەت ئىلمى) |
| اركان دولت | [ärkan—i däwlät] | (دۆلەت ئەربابلىرى) |
| صاحب كمال | [sahib—i kämal] | (كامالەت ئىگىسى) |

بۇ خىل تەركىبلەر بەزىدە «ء» [hämzä] ئارقىلىقمۇ بىرىكىپ، ئوخشاشلا «ئى» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| بادهء كوكنار | [badä—i köknar] | (ئەپيۇن شارابى) |
| چشمهء حيوان | [chäshmä—i häywan] | (ھايات بۇلىقى) |
| روضهء ريزوان | [räwzä—i rizwan] | (جەننەت بېغى) |

3) بۇ خىل بىرىكمە ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ئىزافەت يەنىلا يۇقىرىقى قائىدە بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| دلبر ساچى قرا | [dilbär—i sachi qara] | (قارا چاچلىق دىلبەر) |
| دنا احلى جهان | [däna—yi ähli jähan] | (زامان ئەھلىنىڭ داناسى) |
| انشا حكم اتماك | [insha—yi hukm ätmak] | (پەرمان چىقارماق) |
| معلم فاضل مكرم | [mu'ällim—i fazil—i mukärräm] | (يېتۈك ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچى) |

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەبچە، پارسچە، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ قوشۇلمىسىدىن تۈزۈلـ- گەن تەركىبلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق تەركىبلەر ئوخشاشلا يۇقىرىقى قائىدە بويىچە تەلەپپۇز قىلىنسا بولىدۇ (يۇقىرىقى مىساللارغا قاراڭ).

4) كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە ئورۇن - جاي ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بىرىكمىلەر ئىملادا ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئاخىرىغا «ى» قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تەلەپپۇزى «ئى» بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| محمود كاشغرى | [mähmud kashghäri] |
| عبدالقادر باغدادى | ['abdul—qadir baghdadi] |
| ملامحمد تمورى | [molla muhämmäd tümüri] |
| ملاموسى سيرامى | [molla musa sayrami] |

## 5. ئىككى خىل شەكىلدە كەلگەن قىسمەن پارسچە سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا ئىككى خىل شەكىلدە يېزىلغان تەڭ مەنىلىك پارسچە سۆزلەر خىلى كۆپ. بۇنداق سۆزلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلمەي، ئەسلى شەكلى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنسا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| [ashyan ~ ashyanä] | اشيان ~ اشيانه |
| [äfridun ~ färidun] | افريدون ~ فريدون |
| [pay ~ pa] | پاى ~ پا |
| [pirahän ~ pirähän] | پيراهن ~ پيرهن |
| [jay ~ ja] | جاى ~ جا |
| [chihr ~ chihrä] | چهر ~ چهره |
| [daman ~ damän] | دامان ~ دامن |
| [damanä ~ damänä] | دامانه ~ دامنه |
| [därgah ~ därgäh] | دركاه ~ دركه |
| [roy ~ ro] | روى ~ رو |
| [rah ~ räh] | راه ~ ره |
| [siyah ~ siyäh] | سياه ~ سيه |
| [shah ~ shäh] | شاه ~ شه |
| [shumar ~ shumarä] | شمار ~ شماره |
| [gah ~ gäh] | كاه ~ كه |
| [giya ~ giyah] | كيا ~ كياه |
| [mah ~ mäh] | ماه ~ مه |
| [nagah ~ nagäh] | ناكاه ~ ناكه |
| [hämrah ~ hämräh] | همراه ~ همره |

بۇ خىل ئەھۋال ئەرەبچە سۆزلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| [hasha ~ hashä] | حاشا ~ حاشه |
| [hail ~ hayil] | حائل ~ حايل |
| [ghäzat ~ ghäza] | غزات ~ غزا |
| [qaim ~ qayim] | قائم ~ قايم |
| [qail ~ qayil] | قائل ~ قايل |
| [shärar ~ shärarä] | شرار ~ شراره |
| [xanäqah ~ xanäqäh] | خانقاه ~ خانقه |
| [taib ~ tayib] | تائب ~ تايب |
| [sayib ~ saib] | صايب ~ صائب |
| [sayim ~ saim] | سايم ~ سائم |
| [sayir ~ sair] | ساير ~ سائر |
| [zaid ~ zayid] | زائد ~ زايد |
| [zail ~ zayil] | زائل ~ زايل |
| [jaiz ~ jayiz] | جائز ~ جايز |
| [dair ~ dayir] | دائر ~ داير |
| [da'wa ~ da'wiy] | دعوا ~ دعوى |
| ['äräbiyat ~ 'äräbiyät] | عربيات ~ عربيت |
| ['äjubä ~ ä'jubä] | عجوبه ~ اعجوبه |
| [äwla ~ äwli] | اولا ~ اولى |

# 6. پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

## 1) سۆز ئالدى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

با [ba] : سۈپەت ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «-لىك / -لىق» ، «بىلەن» مەنىلىرىگە توغرا كېلىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| باراده | [bairadä] | ئىرادىلىك |
| باعقل | [ba'äql] | ئەقىللىق، ئەقىل بىلەن |
| باصفا | [basạ̈fa] | ساپالىق، يېقىملىق |
| بااستعداد | [baisti'dad] | ئىستىدادلىق |
| باشكوه | bashukuh | دەبدەبىلىك، سۆلەتلىك |
| بامصلحت | [bamäslähät] | مەسلىھەت بىلەن |
| باذوق | [bazäwq] | زوق بىلەن |

بد [bäd] : يامان، يارىماس، ياۋۇز، يېقىمسىز. سۆز ئالدى قوشۇمچىسى بولۇپ كەلگەندە تۈرلۈك سەلبىي مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| بدخو | [bädxo] | خۇيى سەت، قىلىقى يامان، قىلىقسىز |
| بدزبان | [bädzäban] | تىلى يامان |
| بداندام | [bädändam] | خۇنۇك، قوپال |
| بداقبال | [bädiqbal] | بەختسىز، شۇم تەلەي |
| بدعمل | [bäd'ämäl] | پەيلى يامان |
| بدرو | [bädro] | چىرايى سەت، كۆرۈمسىز |
| بدمهر | [badmihr] | رەھىمسىز، شەپقەتسىز |

بر [bär] : ئېلىپ كەتمەك، يۇتماق. شۇ مەنىلەرگە مۇناسىۋەتلىك سۈپەت سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| برخوردار | [bärxurdar] | بەھر ئالغۇچى، پايدىلانغۇچى |
| برانداخته | [bärändaxtä] | ۋەيران، ئۆرۈلگەن، يىقىلغان |
| برافتاد | [bäräftad] | يىقىق، يىقىلغان، ئاغدۇرۇلغان |
| برانداذ | [bärändaz] | ۋەيران قىلغۇچى، بۇزغۇچى |
| برگشته | [bärgäshtä] | چېكىنگەن، ئاغدۇرۇلغان |
| برجسته | [bärjästä] | ئۈزۈپ چىققان، كۆزگە كۆرۈنەرلىك |

بى [bi] : يوق، - سىز. ئىنكار، يوقلۇق ئۇقۇمى ۋە شۇ خىلدىكى كۆچمە مەنىگە ئىگە سۆزلەرنى ياسايدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| بی چاره | [bicharä] | چارىسىز ، تەدبىرسىز ، ئىلاجىسىز |
| بی خواب | [bixab] | ئۇيقۇسىز ، ئويغاق |
| بیحد | [bihäd] | چەكسىز، چېكى يوق |
| بی دل | [bidil] | روھسىز ، ھالسىز ، قايغۇلۇق؛ ئاشىق |
| بیداد | [bidad] | جەۋر ، زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك |
| بی زبان | [bizäban] | تىلسىز ؛ ھايۋان |
| بی نوا | [binäwa] | يوقسۇل؛ بەختسىز ؛ ئۈمىدسىز |
| بی هراس | [bihäras] | قورقۇمسىز ، بىپەرۋا |

پیش [pesh] : ئىلگىرى، ئالدىن ، ئالدى. شۇ مەنىلەرگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ :

| | | |
|---|---|---|
| پیشگه | [peshgäh] | ئۆينىڭ تۆرى، ھۇزۇر ، ئالدى |
| پیش نهاد | [peshnihad] | تۆھپە ، تارتۇق |
| پیشرو | [peshräw] | ئالدىدا يۈرگۈچى، يول باشلىغۇچى |
| پیش خانه | [peshxanä] | قوبۇل قىلىش ئۆيى، قوبۇلخانا |
| پیش اب | [peshab] | كىچىك تەرەت، سۈيدۈك |
| پیش کش | [peshkäsh] | تارتۇق، تۆھپە، سوۋغا |

در [där] : رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ـ دا/ ـ دە، ـتا/ ـ تە» قوشۇمچىلىرى بىلەن ئوخشاش:

| | | |
|---|---|---|
| درمیان | [därmiyan] | ئوتتۇرىدا، ئارىدا |
| درمحل | [därmähäl] | جايىدا، ئۆز ۋاقتىدا |
| درحقیقت | [därhäqiqät] | ھەقىقەتتە |
| درواقع | [därwaqi'] | دەرۋەقە ، ھەقىقەتتە |

نا [na] : سىز ، ئەمەس. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى تۈرلۈك سۈپەت سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| نامید | [naumid] | ئۈمىدسىز |
| ناپاک | [napak] | پاك ئەمەس، پاسكىنا |
| ناخوش | [naxush] | يېقىمسىز ، كەيپى قاچقان |
| نامردم | [namärdum] | ئادەمگەرچىلىكى يوق، بېخىل |
| نامهربان | [namihrban] | مېھىرسىز، رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغان |
| ناپدید | [napädid] | كۆرۈنمەيدىغان، كۆرۈنمەس، مەخپىي |
| ناشاد | [nashad] | خۇشال ئەمەس، شاد ئەمەس |
| ناتوان | [natäwan] | ئاجىز ، كۈچسىز ، زەئىپ |

هم [ham] : ئەسلى باغلىغۇچى بولۇپ، ئالدى قوشۇمچە رولىدا كەلسە بىللىلىك، ئۆزئارا ئالاقىدار ئىكەنلىك مەنىلىرىدىكى بەزى سۈپەت ۋە ئىسىملارنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| همدم | [hämdäm] | ئۈلپەت، ھەمنەپەس، بىرگە يۈرگۈچى |

هم دست [hämdäst] قولداش، بىرگە ئىشلىگۈچى

همكاسه [hämkasä] شېرىك، ھەمتاۋاق

هم اغوش [hämaghush] قۇچاقلاشقان

همپاى [hampay] ھەمراھ، يولداش، ھەمقەدەم

هم فن [hämfän] كەسىپداش

همراز [hämraz] سىرداش

## 2) سۆز ئارقا ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

ارا ~ اراى [ara ~ aray]: بېزىمەك، تەرتىپلىمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دل ارا [dilara] كۆڭۈلنى شادلاندۇرغۇچى، كۆڭۈلنى بېزىگۈچى

مجلس ارا [mäjlisara] مەجلىسنى بېزىگۈچى، بەزمىنى قىزىتقۇچى

ملك ارا [mulkara] مەملىكەتنى بېزىگۈچى

محفل ارا [mähfilara] مەجلىسنى، بەزمىنى قىزىتقۇچى

كشور اراى [kishwär aray] مەملىكەتنى بېزىگۈچى، مەملىكەتنى ئاۋات قىلغۇچى، پادىشاھ

جهان‌ارا~جهان‌اراى [jähanara~jähanaray] جاھاننى بېزىگۈچى

مدح اراى [mädharay] ماختىغۇچى، مەدھىيە ئېيتقۇچى

خودارا~خوداراى [xudara~xudaray] ئۆزىنى بېزىگۈچى، ئۆزىنى كۆركەم كۆرسەتكۈچى، مەغرۇر، شۆھرەتپەرەس

اسا [asa]: تىنچلانماق، دەم ئالماق، ئارام ئالماق، راھەتلەنمەك، خاتىرجەم؛ ئوخشاش، كەبى. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

عنبراسا ['änbärasa] ئەنبەرگە ئوخشاش، ئەنبەردەك

اژدراسا [äzhdärasa] ئەجدىھاغا ئوخشاش

دل اسا [dilasa] كۆڭۈل راھىتى، يېقىملىق

روح اسا [ruhasa] روھلاندۇرغۇچى، راھەتلەندۇرگۈچى

ابراسا [äbrasa] بۇلۇتقا ئوخشاش، بۇلۇتتەك

عبيراسا ['äbirasa] خۇش ھىدلىق؛ خۇش ھىد تارقاتقۇچى، راھەتلەندۇرگۈچى

روان اسا [räwanasa] جان كەبى، جاندەك

الود [alod]: ئارىلاش، بۇلغانغان، مىلەنگەن، بۇلغىماق، پاسكىنا قىلماق، مىلىمەك، سۇۋىماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۈپەت سۆزلەرنى ياسايدۇ:

زهرالود [zähralud] زەھەر ئارىلاش، زەھەرلىك

خون الود [xunalud] قانغا مىلەنگەن، قان ئارىلاش

شراب الود [shärab alud] مەي يۇققان، شاراب ئارىلاش

خواب الود [xabalud] ئۇيقۇ ئارىلاش، ئۇيقۇسىرىغان

| | | |
|---|---|---|
| عنبرالود | ['änbäralud] | ئەنبەر ئارىلاش، قارا ۋە خۇشبۇي |
| اتش الود | [atäsh alud] | ئوتلۇق، يالقۇنلۇق، قىزغىن |
| شكرالود | [shakkaralud] | شېكەر ئارىلاش، تاتلىق |

اموز [amuz]: ئوقۇتماق، ئۆگەتمەك، ئوقۇماق، ئۆگەنمەك، بىلمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| دانش اموز | [danish amuz] | بىلىم بەرگۈچى، ئوقۇتقۇچى |
| دست اموز | [däst amuz] | قولغا ئۆگىتىلگەن، رام قىلىنغان، قول بالا |
| علم اموز | ['ilm amuz] | بىلىم ئالغۇچى؛ ئىلىم ئۆگەتكۈچى |
| فريب اموز | [färib amuz] | ھىيلە ـ نەيرەڭ ئۆگەتكۈچى |
| نواموز | [näw amuz] | يېڭى ئۆگىتىلگەن |

اميز [amiz]: ئارىلاش، ئارىلاشماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| كل اميز | [gul amiz] | گۈل ئارىلاش، گۈل ھىدلىق |
| حرارت اميز | [härarät amiz] | ھارارەتلىك، قىزغىن |
| رنك اميز | [räng amiz] | رەڭ ئارىلاش، رەڭدار |
| نوراميز | [nur amiz] | نۇرلۇق، نۇر ئارىلاش |
| وفااميز | [wäfa amiz] | ۋاپا ئارىلاش، ۋاپادارلىق |
| لطف اميز | [lutf amiz] | لۇتپى ئارىلاش، ئىلتىپاتلىق |
| خون اميز | [xun amiz] | قان ئارىلاش، قانلىق |

اور [awär]: ئىلىپ كەلمەك، كەلتۈرمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| دليل اور | [dälil awär] | دەلىل كەلتۈرگۈچى |
| نكتهاور | [nuktä awär] | چوڭقۇر مەنىلىك، چىرايلىق سۆزلىگۈچى، ياخشى جاۋاب قايتۇرغۇچى |
| پيام اور | [päyam awär] | خەۋەر كەلتۈرگۈچى، ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى |
| زبان اور | [zäban awär] | گەپدان، سۆزمەن، ناتىق |
| باداور | [bad awär] | شامال كەلتۈرگەن، شامال ئىلىپ كەلگەن |

اويز [awiz]: ئاسماق، ئىلماق، ئىسىپ قويماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، «ئىسىلغان، ۋاستە، سوۋغا، ھەدىيە» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| دست اويز | [däst awiz] | قولدا ئىسىلغان؛ ۋاستە، سوۋغا، ھەدىيە |
| دلاويز | [dil awiz] | كۆڭۈلنى بەند قىلغۇچى، كۆڭۈلنى ئىلىندۈرغۇچى |

ايين [ayin]: رەسىم، ئادەت، قىلىق، رەۋىش، تەرز، تەرتىپ، ئۇسۇل؛ ئوخشاش، كەبى. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| خلد ايين | [xuld ayin] | جەننەتتەك، جەننەتتەك بېزەلگەن |

بلاغت ايين [bälaghät ayin] بالاغەتلىك، سىيلىق ۋە گۈزەل قىلىقلىق

پاك ايين [pak ayin] پاكىز، ھالال ئىشقا ئادەتلەنگەن

ديوايين [dew ayin] دىۋىسىمان، دىۋىگە ئوخشاش

دانش ايين [danish ayin] بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، دانا

ارشاد ايين [irshad ayin] توغرا يولغا ئادەتلەنگەن

انداز [ändaz]: تاشلىماق، ئاتماق، تاشلاش، ئېتىش. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

خاره انداز [xarä ändaz] تاش ئاتقۇچى

سرانداز [sär ändaz] چاققان، ئەپچىل، باتۇر؛ باشقا تاشلىنىدىغان چوڭ رومال

ناوك انداز [nawäk ändaz] ئوق ئاتقۇچى، مەرگەن

سنگ انداز [sängg ändaz] تاش ئاتقۇچى

قاروره انداز [qarurä ändaz] قارۇرە (ئېچىگە نېفىت قاچىلانغان شىشە) ئاتقۇچى

اندود [ändud]: سۇۋالغان، قاپلانغان. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

زراندود [zärändud] ئالتۇن قاپلانغان

قيراندود [qiyrandud] قارا بىلەن قاپلانغان، تۇم قارا؛ قاراڭغۇ

سيم زراندود [siymi zärändud] كۈمۈش ئۈستىگە ئالتۇن قاپلانغان

مشك اندود [mushk ändud] مۇشك ئارىلاش، مۇشك ھىدلىق

اندوز [änduz]: ئالماق، ھاسىل قىلماق؛ يىغماق، توپلىماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

غم اندوز [ghäm änduz] غەمكىن، خاپا

سيل اندوز [siyl änduz] سەلگە ئايلانغۇچى

صيقل اندوز [säyqäl änduz] پەردازلىغۇچى، يالتىراتقۇچى

اشك سيل اندوز [äshkisiyl änduz] سەلدەك ئاقىدىغان كۆز يېشى

انديش [ändish]: ئويلاش، ئويلىنىش، پىكىر قىلىش. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دورانديش [durändish] يىراقنى ئويلىغۇچى

ستم انديش [sitäm ändish] زۇلۇم قىلىشنى ئويلىغۇچى، زۇلۇم قىلغۇچى

انكيز [an'giz]: قوزغىماق، ئويغاتماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

عشرت انكيز ['ishrätän'giz] خۇشاللىق، شادلىق قوزغىغۇچى

وحشت انكيز [wähshätän'giz] قورقۇتقۇچى، ھەيۋەتلىك

بلا انكيز [bäla än'giz] بالا قوزغىغۇچى، پالاكەتكە ئۇچراتقۇچى

www.uyghurkitap.com

اتش انكيز [ätäsh än'giz] ئوت قوزغاتقۇچى
خيال انكيز [xäyal än'giz] خىيال قوزغاتقۇچى، ئويغا سالغۇچى
حيلت انكيز [hiylät än'giz] ھىيلە قوزغاتقۇچى
غبارانكيز [ghubar än'giz] چاڭ قوزغىغۇچى، توپىلاڭ كۆتۈرگۈچى
شورانكيز [shor än'giz] توپىلاڭ كۆتۈرگۈچى، غەۋغا قوزغىغۇچى

افراز ~ فراز[äfraz ~ färaz]: كۆتۈرمەك، چىقارماق، يۇكسەلدۈرمەك، ئۆرلەتمەك؛ خۇرسەن قىلماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

سرافراز~سرفراز [sär äfraz ~ sär färaz] يۇكسەك، ئۇلۇغۋار؛ خۇرسەن
كردن فراز [gärdän färaz] بويىنى غادايغان، تەكەببۇر

افروز ~ فروز[äfruz ~ furuz]: ياندۇرماق، كۆيدۈرمەك، يورۇتماق، روشەن قىلماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

مشعل افروز [mäsh'äl äfruz] مەشئەل ياققۇچى، چىراغ ياندۇرغۇچى
دل افروز~دل فروز [dil äfruz~dil furuz] كۆڭۈلگە ئوت ياققۇچى، كۆڭۈلنى يورۇتقۇچى
عالم افروز~عالم فروز ['aläm äfruz~'aläm furuz] دۇنيانى يورۇتقۇچى
شب افروز~شب فروز [shabäfruz~shäbfuruz] كېچىنى يورۇتقۇچى
مهرافروز [mihräfruz] قۇياشتەك يورۇتقۇچى، نۇرچاچقۇچى
مجلس افروز [mäjlis äfruz] مەجلىسنى قىزىتقۇچى
جان افروز~جان فروز [jan äfruz~jan furuz] جانغا راھەت بەرگۈچى
كتى فروز [giti furuz] دۇنيانى يورۇتقۇچى

افزا ~ افزاى[äfza ~ äfzay]: ئاشۇرماق، قوشماق؛ ئارتتۇرماق، ئاشماق، كۆپەيمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

نورافزا [nuräfza] نۇرلاندۇرغۇچى
وحشت افزا [wähshät äfza] قورقۇتقۇچى، قورقۇشنى ئاشۇرغۇچى
روح افزا [ruh äfza] روھلاندۇرغۇچى
نشاط افزا~نشاط افزاي [näshatäfza~näshatäfzay] خۇرسەنلىك پەيدا قىلغۇچى
محنت افزاى [mihnät äfzay] مۇشەققەتنى ئارتتۇرغۇچى، قىيىنغۇچى

افشان ~ فشان[äfshan ~ fishan]: چاچماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

درافشان~درفشان [duräfshan~durfishan] دۇرچاچقۇچى، گۈزەل سۆزلىگۈچى
زرافشان~زرفشان [zaräfshan~zärfishan] زەر چاچقۇچى؛ ئالتۇن چېچىلغان
دست افشان [dästäfshan] قول سىلكىش، ۋاز كېچىش

مشک افشان~مشک فشان [mushkäfshan~mushkfishan] يېقىملىق ھىد تارقاتقۇچى، مۇشك چاچقۇچى
اشک فشان [äshk fishan] ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى
گل افشان~گل فشان [guläfshan~gulfishan] گۈل چاچقۇچى؛ گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغۇچى
گوهرافشان~گوهرفشان [gäwhäräfshan~gäwhärfishan] گۆھەر چاچقۇچى
جان فشان [jan fishan] جاننى پىدا قىلغۇچى

افکن [äfgän ~ äfkän] : تاشلىماق، ئاتماق، چاچماق، يىقىتماق؛ سالماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

شکارافکن [shikaräfkän] ئوۋ سالغۇچى
شیرافکن [shiräfkän] شىر يىقىتقۇچى، قۇۋۋەتلىك
قاروره‌افکن [qarurä äfkän] قارۇرە (نېفىت قاچىلانغان شىشە) ئاتقۇچى
سایه افکن [sayä äfgän] سايە سالغۇچى
خاره افکن [xarä äfkän] تاش ئاتقۇچى، تاش قازغۇچى
کوه افکن [kuh äfkän] تاغ غۇلاتقۇچى، پالۋان
ظلمت افکن [zulmät äfgän] قاراڭغۇلۇق سالغۇچى، قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلغۇچى، قاراڭغۇلۇق يايغۇچى

بار [bar] : ياغماق، يېغىش. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

خونبار [xunbar] قانلىق ياش تۆككۈچى، ئاچچىق يىغلىغۇچى
شکربار [shäkärbar] شېكەر ياغدۇرغۇچى، شېرىن سۆزلۈك
اتش بار [atäsh bar] ئوت ياغدۇرغۇچى
سر بار [sär bar] باشقا چۈشكەن ئېغىرلىق، يۈك
درر بار [durär bar] دۇر چاچقۇچى، شائىر
اشکبار [äshkbar] ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى
عنبربار ['änbärbar] خۇش ھىد تارقاتقۇچى
گلبار [gulbar] گۈل ياغدۇرغۇچى، گۈل تۆككۈچى
گوهربار [gäwhär bar] گۆھەر تارقاتقۇچى، گۆھەر ياغدۇرغۇچى

باز [baz] : ئوينىماق، ئويناتماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

جانباز [jan baz] جان بىلەن ئويناشقۇچى
نقش باز [näqsh baz] ئويۇنچى، ھىيلىگەر
میمون باز [mäymunbaz] مايمۇن ئويناتقۇچى
پاک باز [pakbaz] ھالال ئاشىق، ھالال ئوينىغۇچى
حقه باز [huqqäbaz] نەيرەڭۋاز، كۆز بويامچى
لعبت باز [lu'bätbaz] نەيرەڭۋاز، ھىيلىگەر

www.uyghurkitap.com

كبوترباز [käbutärbaz] كەپتەر ئويناتقۇچى، كەپتەرۋاز

عشق باز ['ishqbaz] ئىشققا بېرىلگەن، ئاشىق

بان [ban]: ئەسلى ياسىغۇچى قوشۇمچە. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «باققۇچى، قارىغۇچى، ئاسرىغۇچى» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دشت بان [däshtban] قورۇقچى، نازارەتچى

جهان بان [jähan ban] جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى، ھۆكۈمران

دربان [därban] دەرۋازىۋەن، ئىشىككە قارىغۇچى

كشتى بان [kishtiban] كېمىچى، كېمە باشقۇرغۇچى

باغبان [baghban] باغقا قارىغۇچى، باغۋەن

سگبان [sägban] ئىت باقار، ئىت باققۇچى

ساربان [sarban] تۆگە يېتىلىگۈچى، تۆگىگە قارىغۇچى

بخش [bäxsh]: بەرمەك، بېغىشلىماق؛ كەچۈرمەك، ئېھسان. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

جانبخش [janbäxsh] جان بېغىشلىغۇچى، جاننى پەيدا قىلغۇچى

ملك بخش [mulk bäxsh] مال ـ مۈلۈك، بايلىق بەرگۈچى؛ پادىشاھ

كونه‌بخش [gunäh bäxsh] گۇناھنى كەچۈرگۈچى

بند [bänd]: باغلاش، باغلىماق، ئەتمەك، ياپماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دلبند [dilbänd] بىراۋغا كۆڭلىنى باغلىغۇچى، ئاشىق

رصدبند [räsädbänd] ئاسترونوم؛ مۇنەججىم

تركيب بند [tärkibbänd] قىستۇرما بېيىتلىق بىر تۈرلۈك شېئىر شەكلى

شهربند [shähr bänd] تۇتقۇن

چشم بند [chäshm bänd] كۆز باغلىغۇچى

زبان بند [zäban bänd] تىلى باغلانغان، تىلى تۇتۇق

كاربند [Karbänd] بويسۇنغۇچى

بيز [biz]: چاچماق، سەپمەك، تارقاتماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

عنبربيز ['änbär biz] ئەنبەر چاچقۇچى، خۇش ھىد تارقاتقۇچى

عبير بيز ['äbir biz] خۇش ھىد تارقاتقۇچى، ئەنبەر ھىدلىق

مشك بيز [mushk biz] خۇش ھىد چاچقۇچى، خۇش ھىد تارقاتقۇچى

كل بيز [gul biz] گۇل چاچقۇچى، گۇل ھىدىنى تارقاتقۇچى

نسيم‌كل‌بيز [näsim—i gul biz] گۇل ھىدىنى تارقاتقۇچى مەيىن شامال

بين [bin ~ biyn]: كۆرۈش، كۆرمەك، قارىماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى

سۈپەت سۆزلەرنى ياسايدۇ:

جهان بين [jähan bin] جاھاننى كۆرگۈچى

نقش بين [näqsh bin] نەقىش (سۈرەت) كە قارىغۇچى؛ بىرەر نەرسىگە يۈزەكى قاراپ جاۋاب بەرگۈچى

خوردەبين [xurdä bin] ئۇششاق نەرسىلەرنى بىلگۈچى، كۆپنى بىلگۈچى، زېرەك

خودبين [xud bin] تەكەببۇر، شەخسىيەتچى، ئۆزىنىلا كۆزلەيدىغان

حقيقت بين [häqiqät bin] ھەقىقەتنى كۆرگۈچى، ھەقىقەتچى

دوربين [dur biyn] يىراقنى كۆرگۈچى، يىراققا نەزەر سالغۇچى

مصلحت بين [mäslähät biyn] مەسلىھەت كۆرسەتكۈچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى

پاش [pash]: چاچماق، سەپمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

كوهرپاش [gäwhär pash] گۆھەر چاچقۇچى

سيم پاش [siym pash] كۈمۈش چاچقۇچى، ياش ئاققۇزغۇچى

پرست [päräst]: تەلپۈنۈش، بېرىلىش، ئىخلاس قىلىش، ھۆرمەت قىلىش، چوقۇنۇش. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

باده پرست [badä päräst] مەيگە، ئىچكۈلۈككە بېرىلگەن؛ ساقىي

اتش پرست [atäsh päräst] ئوتقا تەلپۈنگۈچى، ئوتقا چوقۇنغۇچى

پايين پرست [payin päräst] ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقۇچى، كەمتەر

حكمت پرست [hikmät päräst] دانىشمەن؛ پەيلاسوپ

يزدان پرست [yäzdan päräst] خۇداپەرەس

خودپرست [xud päräst] تەكەببۇر، شەخسىيەتچى، مەنمەنچى

پرداز [pärdaz]: باشلىماق، كېرىشمەك، شۇغۇللانماق؛ ياسىتىراتماق، پارقىراتماق، پەردازلىماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

نكتەپرداز [nuktäpärdaz] مەنىلىك سۆزلىگۈچى، چىرايلىق سۆزلىگۈچى

خارەپرداز [xaräpärdaz] تاش يونغۇچى، تاشنى تاراشلاپ پەردازلىغۇچى

خانەپرداز [xanäpärdaz] ئۆينى بېزىگۈچى

فسانەپرداز [fäsanäpärdaz] ھېكايە ئېيتقۇچى، داستانچى

چارەپرداز [charäpärdaz] چارە قىلغۇچى، ئىلاج تاپقۇچى

عيش پرداز ['äysh pärdaz] تىرىكچىلىك قىلغۇچى، ئۆمۈر ئۆتكۈزگۈچى

معجزە پرداز [mu'jizäpärdaz] مۆجىزە ياراتقۇچى، كارامەت كۆرسەتكۈچى

نوحەپرداز [näwhäpärdaz] نالە قىلىپ، ئۇن تارتىپ يىغلىغۇچى

پرور [pärwär]: تەربىيىلىمەك، يېتىشتۈرمەك، باقماق؛ قۇۋۋەتلەندۈرمەك، جانلاندۇرماق.

www.uyghurkitap.com

دۇرماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

جان پرور [janpärwär] جانلاندۇرغۇچى، قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى
خرد پرور [xirädpärwär] ئەقىللىق، دانىشمەن
روح پرور [ruhpärwär] روھلاندۇرغۇچى، پەرۋىش قىلغۇچى
دون پرور [dunpärwär] يامانلارنى يېتىشتۈرگۈچى
غم پرور [ghämpärwär] غەم بىلەن ئۆسكەن، غەمكىن

پذير [pazir]: قوبۇل قىلماق، قوبۇل قىلىش، ماقۇل بولۇش. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دلپذير [dilpäzir] كۆڭۈلگە ياققۇچى، يېقىملىق
پندپذير [pänd päzir] نەسىھەت ئاڭلىغۇچى، نەسىھەتنى قوبۇل قىلـ-غۇچى
فرمان پذير [färman päzir] پەرماننى بېجىرگۈچى، بويسۇنغۇچى
حرارت پذير [härarät päzir] هارارەتلىك؛ قىزغىن
خاطرپذير [xatir päzir] كۆڭۈلگە ياقىدىغان، يېقىملىق
اصلاح پذير [islah päzir] كېلىشەلىگۈ، كېلىشتۈرسە بولىدىغان

پيما ~ پيماى [päyma ~ päymay]: ئىچمەك؛ ئۆلچىمەك، تارتماق؛ ئۆتمەك، كەزمەك، يۈرمەك، ماڭماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دشت پيما [däshtpäyma] سەھرادا يۈرگۈچى
بادەپيما~بادەپيماى [badäpäyma~badäpäymay] مەي تۇتقۇچى، ساقىي، مەي ئىچكۈچى
بحرپيما~بحرپيماى [bährpäyma~bährpäymay] دەريا كەزگۈچى؛ دېڭىز ساياھەتچىسى
قدح پيما [qädähpäyma] مەي تۇتقۇچى، مەي قۇيغۇچى، ساقىي
جهان‌پيما~جهان‌پيماى [jähanpäyma~jähanpäymay] جاھان كەزگۈچى، جاھانكەشتى
اسمان پيما [asman päyma] ئاسماندا سەيلە قىلغۇچى

پيوند [päywänd]: ئۇلىماق، ئۇلاشتۇرماق، بىرلەشتۈرمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

پاك پيوند [pak päywänd] ئېسىلزادە، نەسلى پاك
فلك پيوند [fäläk päywänd] يۈكسەك، پەلەككە تۇتاشقان
دردپيوند [därd päywänd] دەردلىك
فسانەپيوند [fäsanä päywänd] ھېكايە ئېيتقۇچى، داستانچى
قيدپيوند [qäyd päywänd] بەند قىلغۇچى، باغلىغۇچى
هوس پيوند [häwäs päywänd] ھەۋەس قىلغۇچى، ھەۋەسكە بېرىلگەن

پيكر [päykär]: ھەيكەل، گەۋدە؛ سۈرەت. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆپەت سۆزلەرنى ياسايدۇ:

ديوپيكر [dew päykär] دىۋە سۈرەتلىك، گەۋدىسى زور
ماەپيكر [mah päykär] ئاي سۈرەتلىك، گۈزەل

زرپیکر [zär päykär] ئالتۇن رەڭلىك، ئالتۇن تۇسلۇك
تواناپیکر [täwana päykär] گەۋدىسى زور، كۈچلۈك
کوەپیکر [kuh päykär] گەۋدىسى زور، ھەيۋەتلىك

پوش [posh] : كىيمەك، ياپماق، قاپلىماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

گلگون پوش [gulgun posh] گۈلدەك كىيىنگەن
جرم پوش [jurm posh] ئەيىب ياپقۇچى
خرقەپوش [xirqä posh] دەرۋىش
سیەپوش [siyäh posh] قارا كىيگەن
سرپوش [sär posh] باش كىيىم
سبز پوش [säbz posh] يېشىل كىيىنگۈچى
عیب پوش [ʼäyb posh] ئەيىب ياپقۇچى، سىر يوشۇرغۇچى

پیشە [pishä] : ھۈنەر، كەسىپ، ئادەت. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

تعدی پیشە [täʼäddi pishä] زۇلۇم قىلغۇچى، زۇلۇم قىلىشقا ئادەتلەنگەن
حکمت پیشە [hikmät pishä] دانىشمەن، پەيلاسوپ
عاشق پیشە [ʼashiq pishä] بېرىلگەن ئاشىق
سودا پیشە [säwdapishä] سودىگەر
خرد پیشە [xiräd pishä] ئەقىللىق، دانا، ئويلاپ ئىش قىلغۇچى
هم پیشە [häm pishä] كەسىپداش
حیل پیشە [hiyäl pishä] ھىيلىگەر

تاب[tab] : يورۇتۇش، كۆيدۈرۈش، ئىسسىتىش؛ نۇرلانماق، تاۋلانماق، يالتىرىماق؛ تولغىنىش، ھارارەت. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

جهان تاب [jähan tab] ئالەمنى يورۇتقۇچى، قىزدۇرغۇچى
جگرتاب [jigär tab] جىگەرنى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى
عالم تاب [ʼalämtab] دۇنيانى يورۇتقۇچى، ئالەمگە ھارارەت بەرگۈچى
سیە تاب [siyähtab] قاراتۇس، قارا تۇستە تاۋلانغۇچى
کوشە تاب [gushä tab] چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ قۇلىقى؛ تولغىنىش
مهرجهان‌تاب [mihr—i jähan tab] جاھانغا ھارارەت بەرگۈچى، جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش

تراش[tärash] : يونىماق، قىرماق، تاراشلىماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دوک تراش [duktärash] يىكچى

www.uyghurkitap.com

بت تراش [buttärash] بۇت ياسىغۇچى

خاراتراش [xaratärash] تاش يونىغۇچى، تاشتاراش

جو ~ جوى [jo ~ joy]: قىدىرماق، ئاختۇرماق، ئىزدىمەك، تاپماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دلجو~دلجوى [diljo~diljoy] كۆڭۈل سورىغۇچى، كۆڭۈل ئىزدىگۈچى، كۆڭۈلگە تەسەللىي بەرگۈچى، ئەركىلەتكۈچى

بلاجو~بلاجوى [bälajo~bälajoy] بالا ـ قازا ئىزدىگۈچى، پىتنە پەيدا قىلىشنى ئويلىغۇچى

عيبجو~عيبجوى ['äybjo~'äybjoy] ئەيىب ئىزدىگۈچى، كەمسىتكۈچى

چارەجو~چارەجوى [charäjo~charäjoy] چارە، ئىلاج ئىزدىگۈچى

كام جو~كام جوى [kamjo~kamjoy] مەقسەتكە يېتىشنى ئىزدىگۈچى

جستجو~جستجوى [justujo~justujoy] قىدىرىش، ئاختۇرۇش، ئىزدەش

خوار ~ خور [xar ~ xor]: يېمەك، ئىچمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

خونخوار~خونخور [xunxar~xunxor] قان ئىچكۈچى، قانخور

غمخوار [ghämxar] : غەم يېگۈچى، غەمخور، مېھرىبان

قدح خوار [qädäh xar] مەي ئىچكۈچى، قەدەھ كۆتۈرگۈچى؛ ساقىي

شتل خوار [shätäl xar] چوتا ئايرىغۇچى، چوتاچى

جكر خوار [jigär xar] قىينىغۇچى، ئازابلىغۇچى

جرعەخوار [jur'ä xar] مەي ئىچكۈچى

خوان [xan]: ئېيتماق، ئوقۇماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

محراب خوان [mihrab xan] مېھرابتا ۋەز ئېيتقۇچى

پريخوان~پرى خان [pärixan] باخشى، دۇئاخان

خوشخوان [xush xan] يېقىملىق، تەسىرلىك ئوقۇغۇچى

قصەخوان [qissäxan] ھېكايىچى، قىسسە ئېيتقۇچى

خواه [xah]: خالىماق، ئىزدىمەك، ئارزۇ قىلماق، ئۈمىد قىلماق، ئويلىماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ

دلخواه [dilxah] كۆڭۈل خالىغان، يېقىملىق

ارزوخواه [arzuxah] ئارزۇ قىلغۇچى، خالىغۇچى، ئۈمىدۋار

دادخواه [dadxah] ئادالەت تەلەپ قىلغۇچى، ئادالەت ئىزدىگۈچى

كينەخواه [kiynäxah] ئاداۋەت ساقلىغۇچى، دۈشمەنلىك قىلغۇچى

چاره خواه [charäxah] چاره، ئىلاج ئىزدىگۈچى

دار [dar]: ئىگە بولماق، بار بولماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

سپه‌دار [sipähdar] ئەسكەر باشلىقى، سەركەردە

تحویل دار [tähwildar] خەزىنىچى

خزینه‌دار [xäzinädar] خەزىنىچى، خەزىنە ساقلىغۇچى

ایینه‌دار [ayinädar] ئەينەك ساقلىغۇچى، ئەينەك تۇتقۇچى

پایدار [paydar] ئاساسلىق، مەھكەم، بەرقارار

قلعه‌دار [qäl'ädar] قورغان ساقچىسى

جهاندار [jähandar] جاھاننى ئىگىلىگۈچى، جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى

دان [dan]: بىلىش، بىلمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

نكته‌دان [nuktädan] سۆزگە مەنە ئېيتقۇچى، ناتىق

سخندان [suxändan] سۆز ئۇستىسى، چىرايلىق ۋە ئورۇنلۇق سۆزلە-
گۈچى

خورده دان [xurdädan] ئەڭ نازۇك نەرسىلەرنىمۇ بىلگۈچى

بسیاردان [bisyardan] كۆپنى بىلگۈچى، دانىشمەن

ران [ran]: كەتكۈزمەك، ھەيدىمەك، قوغلىماق؛ يۈرگۈزمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

ضعف ران [zä'fran] ھالسىزلىقنى كەتكۈزگۈچى، داۋا

حكمران [hukmran] ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى، پادىشاھ

كامران [kamran] ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشكەن، بەختلىك؛ ھاكىم

ربا ~ ربای [räba ~ räbay]: تارتىۋالماق، ئېلىپ قاچماق؛ مەپتۇن قىلماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىلەردىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

اهن ربا [ahänräba] ئۆزىگە تارتقۇچى، ماگنىت

دلربا [dilräba] دىلنى تارتقۇچى، دىلنى مەپتۇن قىلغۇچى

هوش ربای [hushräbay] ھوشسىزلاندۇرغۇچى

پرده‌ربا [pärdäräba] پەردىنى كۆتۈرمەك

كهربا [kähräba] سامان تارتقۇچى، كەھرىۋا

رو [räw]: ماڭماق، كەتمەك، يۈرمەك، كەزمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

پیشرو [pish räw] ئالدىدا ماڭغۇچى، يول باشلىغۇچى

راست رو [rast räw] توغرا يۈرگۈچى، توغرا كىشى

ره‌رو [räh räw] يول يۈرگۈچى، ساياھەتچى

شب رو [shäb räw] كېچىسى يول يۈرگۈچى؛ ئوغرى

پاك رو [pak räw] پاك يۈرگۈچى، ئۆزىنى پاك تۇتقۇچى

دشت رو [däsht räw] سەھرادا يۈرگۈچى، سەھرانى كەزگۈچى
برق رو [bärq räw] چاقماقتەك تېز يۈرگۈچى، چاپقۇر
افلاك رو [äflak räw] ئاسمان كېزەر، ئاسماننى سەيلە قىلغۇچى

رو ~ روى [ro ~ roy]: يۈز، بەت. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

لالەروى [laläroy] لالە يۈزلۈك، قىزىل يۈزلۈك
خودرو~خودروى [xudro ~ xudroy] ياۋا، ئۆزى ئۆسكەن
گل خودرو [gul—i xudro] ئۆزى ئۆسۈپ قالغان گۈل، ياۋاگۈل
اشناروى [ashnaroy] تونۇش، دوست سۆيەت
افتاب رو [aftabro] قۇياش يۈزلۈك، گۈزەل
سيەرو~سيەروى [siyähro~siyähroy] قارا يۈز، مۇتەھەم

ريز [riz ~ riyz]: تۆكمەك، چاچماق؛ ئاقماق، ئاقتۇزماق؛ چۈشمەك، پارچىلانماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

كوهرريز [gäwhärriz] گۆھەر چاچقۇچى
خونريز [xunriz] قان تۆككۈچى، قان ئاقتۇزغۇچى، رەھىمسىز
اشك ريز [äshkriz] ياش ئاقتۇزغۇچى
عرق ريز ['äräqriz] تەر تۆككۈچى
نكتەريز [nuktäriz] چوڭقۇر مەنىلىك سۆز ئېيتقۇچى
خارەريز [xaräriz] تاش پارچىلىغۇچى
شكرريز [shäkärriyz] شېكەر تۆككۈچى، يېقىملىق سۆزلىگۈچى
ضياريز [ziyariyz] نۇر چاچقۇچى، يورۇتقۇچى
برك ريز [bärgriyz] يوپۇرماق تۆككۈچى، كۈز

زاد ~ زادە [zad ~ zadä]: تۇغۇلغان؛ پەرزەنت، ئەۋلاد، بالا. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

شهزادە [shähzadä] شاھنىڭ پەرزەنتى، شاھزادە
پريزاد~پريزادە [pärizad ~ pärizadä] پەرى ئەۋلادى، گۈزەل
ادميزاد [adämiyzad] ئادەم بالىسى، ئادەمزات
ملك زاد [mälikzad] پادىشاھ ئەۋلادى
ديوزاد [dewzad] دىۋىنىڭ بالىسى، دىۋىدىن تۇغۇلغان
طفل زاد [tifl zad] يېڭى تۇغۇلغان

زار [zar]: ئەسلىي ياسىغۇچى قوشۇمچە. ئىسىملارغا قوشۇلۇپ «جاي، ماكان» مەنىسىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ. رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش:

كلزار [gulzar] گۈلزار، گۈللۈك
لالەزار [laläzar] لالەگۈل ئېچىلىپ تۇرغان مەيدان

| | | |
|---|---|---|
| سبزەزار | [säbzäzar] | مايسىزار؛ ئوتلاق |
| نرگس زار | [närgiszar] | نەرگىس گۈل ئېچىلىپ تۇرغان جاي |

سا ~ ساى [sa ~ say] : سۈرتۈلگەن، سۈرتمەك، تەگمەك، يۇقماق، يەتمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| عنبرسا~عنبرساى | ['änbärsa~'änbärsay] | ئەنبەر سۈرتۈلگەن، خۇش بۇي |
| عرش سا | ['ärshsa] | ئەرشكە يەتكەن، ئەڭ يۇكسەك |
| كردون ساى | [gärdunsay] | كۆككە يەتكەن؛ كۆكتە يۈرگۈچى |
| مشكسا~مشكساى | [mushksa~mushksay] | قارا سۈركىگۈچى، قارايتقۇچى |
| سمن‌سا~سمن‌ساى | [sumänsa~sumänsay] | ياسمەن گۈلگە ئوخشىغان، گۈزەل؛ خۇش بۇي ھەم تارقاتقۇچى |

سار [sar] : ئەسلى ياسىغۇچى قوشۇمچە. ئىسىملارغا قوشۇلۇپ (1) بىرەر جايدا بىرەر نەرسىنىڭ مول بولۇشى ياكى شۇنداق جاينىڭ كۆپلۈكى؛ (2) ئوخشاش، كەبى؛ (3) بىرەر سۈپەتكە ئىگە بولۇشى قاتارلىق مەنىلەردىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| كوهسار | [kohsar] | تاغلىق جاي |
| چشمەسار | [chäshmäsar] | بۇلاق بار جاي |
| شرمسار | [shärmsar] | ئۇياتلىق |
| نمك سار | [nämäksar] | تۇزى مول جاي |
| ديوسار | [dewsar] | دىۋىدەك، دىۋىگە ئوخشاش |
| نكونسار | [nigunsar] | ئاستىن - ئۈستۈن، ئاغدۇرۇلغان |
| شاخسار | [shaxsar] | شاخ - پۇتاقلار |
| خاكسار | [xaksar] | تۇپىغا ئوخشاش |

ساز [saz] : قىلماق، ياسىماق، قۇرماق، تۈزەتمەك، ياراتماق، ئىشلىمەك، بېجىرمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| كارساز | [karsaz] | ئىش بېجىرگۈچى |
| عشوەساز | ['ishwäsaz] | ناز - كەرەشمە قىلغۇچى |
| نوحەساز | [näwhäsaz] | نالە قىلغۇچى |
| نقش ساز | [näqshsaz] | نەققاش |
| فكرت ساز | [fikrätsaz] | خىيالپەرەس، خىيالغا بېرىلگەن |
| شعبدە ساز | [shu'bädäsaz] | نەيرەڭۋاز، كۆز باغلىغۇچى |
| غاليە ساز | [ghaliyäsaz] | خۇش ھەم تارقاتقۇچى |
| انجمن ساز | [änjumänsaz] | كېڭەش بىلەن ئىش قىلغۇچى |

سرا ~ سراى I [sära ~ säray] : سۆزلىمەك، ئېيتماق، كۈيلىمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| دستان سرا~دستان سراى | [dästansära~dästansäray] | ھېكايە، داستان ئېيتقۇچى |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| نكتەسرا | [nuktä sära] | مەنىلىك، چىرايلىق سۆزلىگۈچى |
| نغمەسرا~نغمەسراى | [näghmäsära ~ näghmäsäray] | كۈيلىگۈچى، نەغمىكەش |
| الحان سرا | [älhan sära] | غەزەلچى، غەزەلخان |
| بوستان سرا | [bostan sära] | بوستاندا سايرىغۇچى، بۇلبۇل |
| مدح سرا | [mädh sära] | ماختىغۇچى، مەدھىيە ئېيتقۇچى |

سرا ~ سراى [sära ~ säray] II : ئۆي، خانا، جاي، قەسىر. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| ماتم سرا | [matäm sära] | ماتەم، قايغۇ ئۆي |
| حرم سرا~حرم سراى | [häräm sära~häräm säray] | ئىچكى ھويلا، ئوردا، ھەرەمخانا |
| خواجە سراى | [xajä säray] | ئىچكى خىزمەتچى، مەھرەم، قۇل |
| خلوت سرا~خلوت سراى | [xilwät sära~xilwät säray] | يالغۇزلۇق ئۆيى، خالىي جاي |
| عشرت سرا | ['ishrätsära] | ئىشرەتخانا، قەسىر، ساراي |
| دولت سرا | [däwlätsära] | پادىشاھ قەسرى |

سرشت [sirisht] : يارىتىلىش، تەبىئەت، خۇلق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| عصيان سرشت | ['isyan sirisht] | گۇناھقا بېرىلگەن، ئىتائەتسىز |
| عنبرسرشت | ['änbär sirisht] | ئەنبەر ئارىلاش، خۇش بۇي |
| مينوسرشت | [miynu sirisht] | كۆكلەم، بېھىشلىق |
| حكمت سرشت | [hikmät sirisht] | ھېكمەتلىك، سىرلىق |
| غم سرشت | [ghäm sirisht] | غەمكىن تەبىئەت، غەمگە پاتقان |
| عبيرسرشت | ['äbir sirisht] | ئەنبەر ئارىلاش، خۇش بۇي |

سنج [sänj] : ئۆلچىمەك، تارتماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| خزانەسنج | [xäzanä sänj] | خەزىنە ئىگىسى، خەزىنىچى |
| سخن سنج | [suxänsänj] | سۆزمەن، سۆزگە چېچەن |
| چارە سنج | [charä sänj] | چارە، ئىلاج تاپقۇچى |
| غصە سنج | [ghussä sänj] | غەم چەككۈچى، قايغۇرغۇچى |
| تاٴريخ سنج | [tärix sänj] | تارىخنى تەكشۈرگۈچى، تارىخچى |

سوز [soz] : كۆيدۈرمەك، ئۆرتىمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| جهان سوز | [jähan soz] | جاھاننى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى |
| جكرسوز | [jigär soz] | (1) غەمخور، غەمخورلۇق قىلغۇچى؛ (2) ئازابلىغۇچى، قىينىغۇچى |
| جان سوز | [jan soz] | جاننى كۆيدۈرگۈچى، قىينىغۇچى |

دلسوز [dil soz] دىلنى كۆيدۈرگۈچى؛ دىلى ئۆرتەنگەن
عالم سوز ['aläm soz] دۇنيانى ئۆرتىگۈچى
سينه سوز [siynä soz] يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى
افلاك سوز [äflak soz] كۆكنى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى
افاق سوز [afaq soz] جاھاننى كۆيدۈرگۈچى

ستان [sitan]: ئالماق، ئىگىلىمەك، بويسۇندۇرماق، قوبۇل قىلماق؛ [istan] شەكلىدە جاي، ئورۇن. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دلستان [dil sitan] كۆڭۈل ئالغۇچى، كۆڭۈلنى ئەسىر قىلغۇچى
جان ستان [jan sitan] جان ئالغۇچى، ھالاك قىلغۇچى
كشورستان [kishwär sitan] مەملىكەتنى بويسۇندۇرغۇچى، جاھانگىر
ملك ستان [mulk sitan] مەملىكەتنى بويسۇندۇرغۇچى، پادىشاھ
كلستان [gulistan] گۈللۈك، گۈلىستان
شبستان [shäbistan] كېچىلىك ياتاق، قاراڭغۇ جاي
شكرستان [shäkäristan] شېرىن سۆھبەت، مەشۇقنىڭ لېۋى
شهرستان [shähäristan] كاتتا شەھەر؛ شەھەر قورغىنى
خارستان [xaristan] تىكەنلىك، تىكەنزار
دبستان [däbistan] ئوقۇش ئۆيى، باشلانغۇچ مەكتەپ
كزستان [gäzistan] يۇلغۇنزار، يۇلغۇن ئۆسىدىغان جاي

شكن [shikän]: سىنماق، سىندۇرماق، بۇزماق؛ يەڭمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دلشكن [dilshikän] خاپا قىلغۇچى، ئازار بەرگۈچى
لشكرشكن [läshkärshikän] غەلىبە قازانغان، غالىب
صف شكن [säfshikän] سەپنى بۇزغۇچى، باتۇر
شكرشكن [shäkkärshikän] شېرىن سۆز
خودشكن [xud shikän] ئۆزىنى كەمسىتكۈچى، كەمتەر
بت شكن [butshikän] بۇت سىندۇرغۇچى

شناس [shinas ~ shunas]: تونۇماق، بىلمەك، پەرقلەندۈرمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

رهشناس [rähshinas] يول بىلگۈچى
تخمين شناس [täxminshinas] مۆلچەرلىگۈچى، ھېسابلاپ چىققۇچى
انجوم شناس [änjumshunas] يۇلتۇزشۇناس، ئاسترونوم
حق شناس [häqshunas] ھەقنى تونۇغۇچى، كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تەقدىرلىگۈچى، ياخشىلىقنى بىلىدىغان
جامعه‌شناس [jami'ä shinas] جەمئىيەتشۇناس

فروش [furush]: سېتىش، ساتماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| مى فروش | [mäyfurush] | مەي ساتقۇچى |
| بادەفروش | [badäfurush] | ئىچىملىك ساتقۇچى |
| خودفروش | [xudfurush] | ئۆزىنى بازارغا سالغۇچى، ماختانچاق |
| ذهدفروش | [zuhdfurush] | زاھىدلىقنى بازارغا سالغۇچى؛ ساختا، ياسالما سوپى |

فزا ~ فزاى [fiza~fizay] : ئاشۇرماق، قوشماق، ئارتتۇرماق؛ ئاشماق، كۆپەيمەك. بىلدۈرىدىغان مەنىسى «افزا ~ افزاى» بىلەن ئوخشاش:

| | | |
|---|---|---|
| طرب فزا | [täräbfiza] | شادلاندۇرغۇچى، خۇشاللىقنى ئاشۇرغۇچى |
| جانفزا~جانفزاى | [janfiza~janfizay] | جانلاندۇرغۇچى، جانغا راھەت بەرگۈچى |
| فرهفزا | [färähfiza] | شادلاندۇرغۇچى |
| حرارت فزاى | [härarätfizay] | ھارارەتنى ئارتتۇرغۇچى |
| بسط فزاى | [bästfizay] | شادلىقنى، خۇرسەنلىكنى ئارتتۇرغۇچى |
| وحشت فزاى | [wähshätfizay] | قورقۇتقۇچى، قورقۇشنى ئاشۇرغۇچى |

كار [kar] : ئىش، خىزمەت، ئەمگەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| جفاكار | [jäfakar] | جاپا سالغۇچى، قىينىغۇچى |
| جزع كار | [jäzä'kar] | داد - پەرياد قىلغۇچى، تاقەتسىز |
| هرزەكار | [härzäkar] | بىھۇدە ئىش قىلغۇچى |
| پايكار | [paykar] | سېلىق يىغقۇچى، خىزمەتكار |
| سيەكار | [siyähkar] | يامان ئىش قىلغۇچى |
| ستم كار | [sitäm kar] | زالىم، ئازابلىغۇچى |
| سركار | [särkar] | ئىش بېشى، نازارەتچى |

كام[kam] : تىلەك، ئىستەك، مەقسەت. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| شيرين كام | [shirinkam] | خۇش ۋاقىت، خۇرسەن |
| تلخ كام | [tälxkam] | قايغۇلۇق، تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا ئۆتىدىغان، ئۈمىدسىز |
| شادكام | [shadkam] | شاد، خۇرسەن |

كش [käsh] : تارتماق، سۆرىمەك، توشىماق؛ ئالماق؛ چەكمەك؛ ئىچمەك؛ تايانماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| رشتەكش | [rishtä käsh] | كەشتە تىككۈچى، گۈل چەككۈچى |
| غم كش | [ghäm käsh] | غەم تارتقۇچى، ئەلەم چەككۈچى |
| دلكش | [dilkäsh] | دىلنى تارتىدىغان، جەزبىلىك، يېقىملىق |

جاروب كش [jarubkäsh] سۈپۈرگۈچى

قدح كش [qädähkäsh] مەي ئىچكۈچى؛ قەدەھ كۆتۈرگۈچى

عصاكش ['äsa käsh] ھاسىغا تايانغۇچى، ھاسىلىق

كوش [kosh]: ھەرىكەت قىلماق، ئىنتىلمەك، تىرىشماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

جفا كوش [jäfa kosh] جاپا قىلىشقا تىرىشقۇچى

تيز كوش [tez kosh] تېز ھەرىكەت قىلىدىغان، چاققان

چاره كوش [charä kosh] چارە تېپىشقا تىرىشقۇچى

سخت كوش [säxt kosh] قاتتىق تىرىشقۇچى

رحيل كوش [rähil kosh] يولغا سالغۇچى

خطا كوش [xäta kosh] خاتا، گۇناھلىق ئىشلار بىلەن ھەپىلەشكۈچى

كش [kush]: ئۆلتۈرمەك، سويماق؛ ئۆچۈرمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

اژدهاكش [äzhdähakush] ئەجدىھا ئۆلتۈرگۈچى، باتۇر

مردم كش [märdämkush] ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، قاتىل

ديوكش [dewkush] دىۋە ئۆلتۈرگۈچى، باتۇر

ذهادكش [zuhad kush] زاھىدلارنى ئۆلتۈرگۈچى

مظلوم كش [mäzlumkush] ئېزىلگەنلەرنى ئۆلتۈرگۈچى، زالىم

ادم كش [adämikush] ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، قاتىل

كشا ~ كشاى [kusha ~ kushay]: ئاچماق، يەشمەك، شادلاندۇرماق، باشلىماق، بويسۇندۇرماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دلكشا~دلكشاى [dilkusha~dilkushay] كۆڭۈلنى ئاچقۇچى، كۆڭۈلنى شادلاندۇرغۇچى

كرهكشا~كرهكشاى [girihkusha~girihkushay] چىگىش، تۈگۈنلەرنى يەشكۈچى، قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلغۇچى

كشوركشا~كشوركشاى [kishwärkush~kishwärkushay] مەملىكەتنى بويسۇندۇرغۇچى، پادىشاھ

چهرهكشا~چهرهكشاى [chehräkusha~chehräkushay] شادلاندۇرغۇچى، خۇشال قىلغۇچى

بال كشاى [bal kushay] قانات يايغۇچى، قانات قاققۇچى

كردار [kirdar]: قىلىق، ئىش، رەۋىش، تەرز، كۆرۈنۈش؛ ئوخشاش، -دەك، -تەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

كافوركردار [kafurkirdar] كاپۇرغا ئوخشاش، ئاپئاق

سهاكردار [suhakirdar] سۇھا يۇلتۇزىغا ئوخشاش، غۇۋا، تۇتۇق كۆرۈنىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| هوش كردار | [hushkirdar] | هوشلۇق، هوشيار |
| ابركردار | [äbrkirdar] | بۇلۇتقا ئوخشاش، بۇلۇتلۇق |
| ايينەكردار | [ayinäkirdar] | ئەينەكتەك، تىنىق |
| اسدكردار | [äsäd kirdar] | ئارسلانغا ئوخشاش، شىجائەتلىك |
| بدكردار | [bädkirdar] | يامان قىلىقلىق، يامان تەبىئەتلىك |

كيش [kish] : ئادەت، يول، مەسلەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| ازادەكيش | [azadäkish] | نازۇك تەبىئەتلىك |
| ورعكيش | [wärä'kish] | پەرھىزكار، تەقۋادار |
| غدركيش | [ghädrkish] | ئالدامچى، خىيانەتچى، ۋاپاسىز |
| هرزەكيش | [härzäkish] | بىھۇدە سۆزلىگۈچى |
| ظلم كيش | [zulmkish] | زۇلۇم قىلىشقا ئادەتلەنگەن |
| كرم كيش | [kärämkish] | كەرەم قىلغۇچى |
| جفاكيش | [jäfakish] | جاپا قىلىشقا ئادەتلەنگەن |

كاە~كە [gah ~ gäh] : جاي، ئورۇن، ماكان، سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| قبلەكاە~قبلەكە | [qiblägah~qiblägäh] | يۈزلىنىدىغان جاي؛ ھامىي، ئاتا |
| دركاە ~ دركە | [därgah~därgäh] | ئىشىك، بوسۇغا؛ ئوردا، ساراي |
| باركاە~باركە | [bargah~bargäh] | پادشاھ سارىيى، پادشاھ قوبۇلخانىسى |
| بزم كاە~بزم كە | [bäzmgah~bäzmgäh] | بەزمە جايى، سۆھبەتخانا |
| نزهت كاە~نزهتكە | [nuz'hätgah~nz'hätgäh] | كۆڭۈل ئېچىش جايى، ئەيش-ئىشرەت جايى |
| نقطەكاە | [nuqtägah] | بىرەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى، مەركىزى |

كر [gär] : قىلماق، ئەتمەك، شۇغۇللانماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| برزەكر | [bärzägär] | تېرىمچى، دېھقان |
| بيدادكر | [bidadgär] | زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم، ئادالەتسىز |
| جلوەكر | [jilwägär] | جىلۋە قىلغۇچى، جىلۋە بىلەن كۆرۈنگۈچى |
| كاركر | [kargär] | ئىشچى، خىزمەتچى |
| پيغام كر | [päyghamgär] | خەۋەر قىلغۇچى، خەۋەرچى |
| صيدكر | [säydgär] | ئوۋچى |
| خنياكر | [xunyagär] | سازەندە؛ غەزەلچى |

كو~كوى [go ~ goy] : دېمەك، سۆزلىمەك، ئېيتماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

توركيكوى [türkiygoy] تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى

فارسيكوى [farsiygoy] پارس تىلىدا سۆزلىگۈچى

كرامت كوى [käramätgoy] كارامەت كۆرسەتكۈچى

نكته كو~نكته‌كوى [nuktägo~nuktägoy] مەنىلىك سۆزلىگۈچى، چىرايلىق سۆزلىگۈچى، سۆزمەن

عيبكو~عيبكوى ['äybgo~'äybgoy] چېقىمچى، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى يايغۇچى

راستكو~راستكوى [rastgo~rastgoy] توغرا سۆزلۈك، ھەق گەپ قىلغۇچى

كداز [gudaz] : ئېرىمەك، كۆيمەك، ئېرىش، كۆيۈش. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

اهن كداز [ahän'gudaz] تۆمۈر ئېرىتكۈچى، تۆمۈرچى

جان كداز [jan'gudaz] جاننى قىينىغۇچى، ئازاب بەرگۈچى

تن كداز [tän'gudaz] بەدەننى ئېرىتكۈچى، تەننى قىزىتقۇچى

سوزكداز [sozugudaz] يېنىش، كۆيۈش، ئېرىش

كستر [gustär] : يايماق، تارقاتماق، يەتكۈزمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

جلوه‌كستر [jilwägustär] جىلۋە كۆرسەتكۈچى، جىلۋە قىلغۇچى

سايه‌كستر [sayägustär] سايە بولغۇچى، ھامىي

جفاكستر [jäfagustär] جاپا قىلغۇچى، ئازار يەتكۈزگۈچى

ظلم كستر [zulmgustär] زۇلۇم كۆرسەتكۈچى، زۇلۇم قىلغۇچى

روح كستر [ruhgustär] روھ بەرگۈچى، روھلاندۇرغۇچى

كون [gun] : رەڭ؛ رەڭلىك؛ خىل، تۈر، ئوخشاش. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىلەردىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

نيل كون [nilgun] نىل رەڭ؛ كۆك رەڭلىك

شبكون [shäbgun] قاپقارا

شفقكون [shäfäqgun] شەپەق رەڭ، قىزىل

كوكب كون [käwkäbgun] يۇلتۇزغا ئوخشىغان، چىرايلىق

ارغوان كون [ärghäwan gun] قىزىل، قىزىل تۈس

كونا كون [gunagun] رەڭمۇرەڭ، خىلمۇخىل

كير [gir] : ئالماق، تۇتماق، ئېرىشمەك، ئىگىلىمەك، بويسۇندۇرماق. سۆزلەرگە

www.uyghurkitap.com

قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دست گير [dästgir] ياردەمچى، قوللىغۇچى

افاق گير [afaqgir] دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى، پادىشاھ

قدرگير [qädärgir] ئوق ئاتقۇچى، مەرگەن

شيرگير [shirgir] شىر ئۆلتۈرگۈچى، باتۇر

جام گير [jamgir] جام ئالغۇچى، مەي ئىچكۈچى

جايگير [jaygir] ئورۇن ئالغۇچى، ئورۇن تۇتقۇچى

درگير [därgir] ئۆزگە ئالغۇچى، قوبۇل قىلغۇچى، ئورۇندىغۇچى

ميان گير [miyan'gir] قاتناشقۇچى، ئىشتىراك قىلغۇچى

ارامگير [aramgir] تىنچلانغۇچى، ئارام ئالغۇچى

مند [mänd]: ئەسلىي ياسىغۇچى قوشۇمچە. ئىسىملارغا قوشۇلۇپ سۈپەت سۆزلەرنى ياسايدۇ:

خردمند [xirädmänd] ئەقىللىك، دانا

سودمند [sudmänd] پايدىلىق، مەنپەئەتلىك

هوشمند [hushmänd] هوشيار، ئەقىللىق

دردمند [därdmänd] دەردلىك، قايغۇلۇق، دەردمەن

بهرهمند [bährämänd] بەھرە ئالغۇچى، پايدىلانغۇچى

حاجتمند [hajätmänd] موھتاج، ئېھتىياجلىق، ھاجەتمەن

ناك [nak]: ئەسلىي ياسىغۇچى قوشۇمچە. ئىسىملاردىن سۈپەت ياسايدۇ:

اندوهناك [änduhnak] قايغۇلۇق، غەملىك

عيب ناك ['äybnak] ئەيىبلىك، نۇقسانلىق

خطرناك [xätärnak] خەتەرلىك، خەۋپلىك

غمناك [ghämnak] غەملىك، قايغۇلۇق

اشك ناك [äshknak] ياشلىق، يىغلىغان

دردناك [därdnak] دەردلىك، قايغۇلۇق

عرق ناك ['äräqnak] تەرلىك، تەرلىگەن

نما~نماى [näma ~ nämya]: كۆرۈنمەك كۆرسەتمەك، بىلدۈرمەك؛ ئوخشاش. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

قبلەنما [qilblänäma] كومپاس

كيتى نما [giti näma] جاھان ئەينىكى

خودنما~خودنمای [xudnäma~xudnämay] ئۆزىنى كۆرسەتكۈچى، ماختانچاق، شۆھرەتپەرەس

سحاب نما [sähabnäma] بۇلۇتقا ئوخشاش

رهنما ~ رهنمای [rähnäma ~ rähnämay] يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى

مخفی نما [mäxfiynäma] يوشۇرۇن نەرسىلەرنى كۆرسەتكۈچى

معجزەنمای [mu'jizänämay] مۆجىزە كۆرسەتكۈچى

نواز [näwaz] : مەرھەمەت كۆرسەتمەك، ياخشى كۆرمەك، تەربىيە قىلماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

بنده نواز [bändänäwaz] قول ئاستىدىكىلەرگە مەرھەمەت كۆرسەتكۈچى، قول ئاستىدىكىلەرگە ياخشى قارىغۇچى

دلنواز [dilnäwaz] كۆڭۈلنى خۇش قىلغۇچى، يېقىملىق

جان نواز [jannäwaz] ئەركىلىگۈچى، يېقىملىق

رعيت نواز [rä'iyyätnäwaz] خەلقپەرۋەر، پۇقراپەرۋەر

عاشق نواز ['ashiqnäwaz] شەپقەت كۆرسەتكۈچى

مهمان نواز [mihmannäwaz] مېھماندوست

نوش [nush] : ئىچمەك، سۈمۈرمەك. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

دردنوش [därdnush] قايغۇرماق، غەمگە پاتماق؛ قايغۇرغۇچى، غەمگە چۈمۈلگۈچى، غەمگە پاتقۇچى

دارونوش [darunush] دورا ئىچكۈچى، ئىلاج قىلغۇچى

بادەنوش [badänush] مەي ئىچكۈچى

نوشانوش [nushanush] ئارقىمۇئارقا ئىچىش، ئۈزۈلدۈرمەي ئىچىش، سۈمۈرۈپ ئىچىش

نشين [nishin] : ئولتۇرماق، جايلاشماق؛ ياشىماق. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

خلوت نشين [xilwätnishin] خىلۋەتتە ئولتۇرغۇچى

صحرانشين [sähranishin] سەھرادا ياشىغۇچى

خركەنشين [xirgähnishin] چېدىردا ئولتۇرغۇچى

اسفل نشين [äsfälnishin] پەگادا ئولتۇرغۇچى، خار ـ زار

مسندنشين [mäsnädnishin] تەختتە (مەنسەپتە) ئولتۇرغۇچى، ئەمەلدار

دركەنشين [därgähnishin] قەسىردە ئولتۇرغۇچى، پادىشاھ

وار [war] : ئەسلىي ياسىغۇچى قوشۇمچە. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئوخشاش، كەبى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

-دەك، -تەك، …لارچە» مەنىلىرىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| مجنون وار | [mäjnunwar] | مەجنۇندەك، ساراڭلارچە |
| گردون وار | [gärdunwar] | ئاسماندەك، ئاسمانغا ئوخشاش |
| عدم وار | ['ädämwar] | يوقتەك، يوققا ئوخشاش |
| خورشيدوار | [xurshidwar] | قۇياشتەك، قۇياشقا ئوخشاش |
| اشفتەوار | [ashuftäwar] | دىۋانىلارچە، پەرىشان ھال |
| دشمن وار | [dushmänwar] | دۈشمەنلەرچە |
| دژم وار | [dizhäm war] | خارلارچە، غەمكىن ھالەت |

ور[wär]: ئەسلىي ياسىغۇچى قوشۇمچە. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، بىرەر نەرسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| بهرەور | [bährawär] | بەھرە، نەپ ئالغۇچى |
| پيشەور | [pishäwär] | ھۈنەرۋەن، كاسىپ |
| تاج ور ~ تاجور | [tajwär] | تاجدار، پادىشاھ |

وش[wäsh]: ئەسلىي ياسىغۇچى قوشۇمچە. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «ئوخشاش، كەبى، -دەك، -تەك، …لارچە» مەنىلىرىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ. بىلدۈرىدىغان مەنىسى «وار» قوشۇمچىسى بىلەن ئوخشاش:

| | | |
|---|---|---|
| حوروش | [hurwäsh] | پەرىزاتتەك، ناھايىتى گۈزەل |
| مهوش | [mähwäsh] | ئايغا ئوخشاش، ئايدەك گۈزەل |
| پريوش | [päriwäsh] | پەرىگە ئوخشاش، پەرىلەرچە |
| برق وش | [bärqwäsh] | چاقماقتەك، چاقماققا ئوخشاش |
| سايەوش | [sayäwäsh] | سايىگە ئوخشاش، سايىدەك |
| ازادەوش | [azadäwäsh] | ئازادە سۈپەت، ئەركىن |

ـين[in]: ئەسلىي ياسىغۇچى قوشۇمچە. رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «-لىق، -لىك» قوشۇمچىسى بىلەن ئوخشاش. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «…ئوخشايدىغان» مەنىسىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| اتشين | [atäshin] | ئوتلۇق، يالقۇنلۇق؛ ئوتتەك قىزىل |
| زرين | [zärrin] | زەرلىك، زەر بىلەن زىننەتلەنگەن |
| مشكين | [mushkin] | مۇشك ھىدلىق، مۇشك رەڭلىك |
| عنبرين | ['änbärin] | ئەنبەر ھىدلىق؛ ئەنبەرگە ئوخشاش |
| اهنين | [ahänin] | تۆمۈردىن ئىشلەنگەن، تۆمۈرگە ئوخشاش |
| بلورين | [bilurin] | خرۇستالغا ئوخشايدىغان |

# تۆتىنچى  ھەرپ ۋە ھۆسنخەت ئۆرنەكلىرى

## 1. تەئلىق شەكلى



www.uyghurkitap.com

## 2. نەسخ شەكلى



## 3 . سۇلۇس شەكلى



www.uyghurkitap.com

## 4. دىۋانى شەكلى



## 5. جەللى دىۋانى شەكلى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 6. رىقئە شەكلى



صا صب صج صد صر صس صسه صص صصه صط

صع صف صق صك صك صل صم صمه صن

صو صه صه صهه صهه صلا صی صی

ههه

ط طا طب طج طد طر طس طسه طص طصه طط

طع طف طق طك طك طل طم طمه طن طو

ط طه طهه طهه طلا طی طی

ع عا عب عج عد عر عس عسه عسو عص عصه عط

عع عف عق عك عك عل عم عمه عن عو عه

ع عهه عهه علا عی عی

فا فب فج فد فر فس فسه فص فصه فط فع فف

فق فك فك فل فم فمه فن فو فه فه فهه فهه

فلا فی فی فی

کا کا کب کج کد کر کس کسه کص کصه کط کع

کف کو کك کل کم کمه کن کو که کیه

کهه که کلا کی کی کے

م ما مب مج مد مر مس مسه مح مص مصه

مط مع مف مو ملك مك مل مم مسه

من مو مه مهه مهه مها ملا می می

ها هب هج هد هر هس هسه هح هط هط

هع هف هو هك هل هم هسه هو هه هه

هیه ههه هلا هی هی

خلق ایچنده معتبر برنسه یوق دولت کبی
اولمیه دولت جهانده بر نفس صحت کبی



ئىزاھ:

1. ئەسسەلام سۆزى بىلەن پۈتۈلگەن كەپتەر رەسمى «پارس تىلى» (م ئابدۇسەمەتوۋ: «ئوقىتۇۋچى» نەشرىياتى. تاشكەنت 1977 ـ يىل) دىن نەقىل كەلتۈرۈلدى

2. ھەرپ ۋە ھۆسنخەت ئۆرنەكلىرى مۇھەررەم ئېرگىنىنىڭ «ESKI YAZI» ناملىق كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 7. كوللېگرافىك مەشق













www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com



ابجد هوز حطی کلمن سعفص قرشت ثخذ ضظغ

فتبارک الله احسن الخالقین و رب العالمین





www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com



# بەشىنچى ئوقۇشلۇق

## 1. پارچىلار

### ٥٥ كمبغللیق و بایلیق.

بر كمبغل تول خاتون موسی آخوند اتلیق بلاسی بیلان كچیك كنه بر اویده اولتوروغلوق ایردی. بر كون بلا آچ قالیب نان اوچون یغلادی. اناسی هم آچ قالغان ایردی و اویده یكولوك هیچ نرسه‌سی یوق ایردی. بلاسی هر كیز یغلاماقدین توختامادی. اناسی قایداغ قیلای دیب حیران بولوب تورغاندا كوزلاری اوی نینك بر بولونكیداكی یارغو چاققه توشتی ایچیده اوندنینك یوُقی بارمكی دیب قایلاب باقسه آزغنه اُون تاپیب شونینكدین كچیك كنه بر نان ایتیب اوچاقدا پشوردی. موسی آخوند شونی كوركانده: نان بولادور دیب یغلاماقدین توختادی. نان پشقاندا بای بلالاری ییدورغان حلوادین تاتلیق ایكان دیب یدی.

موسی آخوندنینك یکولوکی آز بولغان برله اوزی پات اوسوب قوتلیك بولدی. اویکا یقین چونك برعالم اولتوروغلوق ایردی. اول موسی آخوندنینك عقل هوشیارلیقی نی کوروب انی اوقوتور ایردی. موسی آخوند اوقوشنی پات اورکانیب بر مدرسه‌کا خطلاندی.

اول مدرسه‌ده بر بای کشی نینك اوغلی هم اوقور ایردی. اتاسی چونك بای بولغان اوچون اول بلا تکبرلوکده قالغان بلالاردین اوزی نی چونك بیلدی. موسی آخوندنینك کییمی پاکیزه بولغانی برله یاماق ایردی. اینك اوچون باینینك اوغلی انکا موسی یاماق دیب لقب قویدی. موسی آخوند کمبغل کورونکانی برله بعضی ایشدا هم سبق‌لاریدین بایراق ایردی چونکه اول یواش و خداغه ایشانادورغان کونکلی توز و صاف بر بلا ایردی. انداغ ایشلار بایلیقدین رواجلیق دور.

بر کون باینینك اوغلی بلالارغه برکالی عیش الغاچ کلکان ایردی. همه بلالارغه اولاشتوروب بردی لیکن موسی آخوندغه هیچ نرسه برمادی. اول نریراق توروب قارلادی. عیش توکوکانده باینینك اوغلی عیش یورکاکان کاغذنی موسی آخوندغه تاشلاب: بو سنینك حصه‌نك دور دیب انی زانکلا قیلیب کولدی.

القصّه موسی آخوند چونکراق مدرسه کا خطلانیب بر
نچه زمان مشقّت تارتیب اوقوب توروب آخر چونك عالم
بولوب منصب تاپیب عزّتلیك بولدی. لیکن بای نینك اوغلی
بوزوغچیلیق قیلیب کمبغل بولوب کتّی.

اوزون وقتدین کین بای نینك اوغلی بر کون موسی آخوندنی
[redacted] تونومای انینکدین پُل تیلادی. موسی آخوند انی حاضر
تونوب: منی تونومسیز دیب سوردی. بای نینك اوغلی: یوق
من سیزلارنی هیچ وقت کورکان ایماس دیدی. موسی آخوند
ایتّی: موسی یاماق نی تونومامسیز دیب سورسه بای نینك
اوغلی انی تونوب تولا خجالت بولوب کتکالی قوپتی. موسی
آخوند انی تحقیریب قورقمانك من سیزدین خفه بولمادیم خدا
منکا مرحمت قیلغاندیك سیزکا مرحمت قیلغوم بار دیب انکا
ایش تاپتوروب اول کوندین تارتیب پرورش قیلدی.

## ۲ غیرتلیق.

بر چومله بر دانه بغدای تاپیب انی اویکا الیب بارغالی
توردی. بو انکا قورت بر ایش بولدی چونکه بو دانه بغدای انداغ کیچیک
بر چاشورغه اغیر یوك بولادور. یول بعضی یرلارده شاخ و باشقه نرسه
لار برله توساغلیق ایردی. شونداغ نرسه لاردین اوتالمای قورت
ایلک برله چورکولوب اوتار ایردی. آخر چونك بر خادا بار یرکا

تەرەپكە

كلدی. هر طرفكا قایلاب یول تاپالمای توردی. خادادین اوتمای بولمایدور دیب بغدای‌نی الیب چیقتی. خادانینك یریمیدین اوتكانده یوكی‌نینك اغیرلیقی اوچون یركا یقیلیب توشتی. توختامای بغدای‌نی ینه الیب چیقتی. ایكن بالدورقی دیك یركا یقیلدی. شونداغ اتمیش قتیم چیقیب اوتالماس ایردی. چوملە تنكی هارمای اتمیش برنكی مرتبە بغدای دانەسی‌نی الیب چیقیب بو قتیم اوتوب كتتی.

بو واقعەنی تمورلنك دیب بر بلا كوردی. اول بلا چونك بولغاندا پادشاه بولوب همیشە جنكدە غالیب بولور ایردی. هر قچان بر ایش‌نی باشلاغان بولسە شونی تمام قیلماغونچە هرگیز تاشلاماس ایردی. كشی مونینك سببی‌نی سورغاندا پادشاه: من كچیك بلا ایكانیمدە شونی بر چوملەدین اورگاندیم دیب جواب بیرور ایردی.

## ۳ راستلیق‌نینك اجری.

شهرنینك تاشقاریدا تیكیش و كیر یویماقی برلە تیریكچیلیك قیلیب تورغان كمبغل بر خاتون اولتوروغلوق ایردی.

بر كون قیزینی طیّار قیلغان بر ایش‌نی ایكاسیكا تاپشوروب بركالی شهركا ایباردی. قیز بلا اناسی‌نینك ایشی اوچون بش مثقاللیق آق تنكە اول كشیدین الیب یاغلیقیغە چیكیب قولتوقیغە قیسیب اوی طرفیكا یاندی. اویكا بارغاندا منا قولتوقی‌دا یاغلیق برلە پول یوق. یولدا توشتی مكی دیب یغلاب ایستاكالی چیقتی.

زەلىلى ئەسەرلىرىدە ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسى مەركەز قىلىنغان ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىلىق، گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلەر ئالاھىدە كۈيلىنىپ، شائىرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى مۇئەييەن بەدىئىي شەكىللەر بىلەن روشەن ئىپادىلەنگەن.

زەلىلى شېئىرىيىتى تىلىدىكى پاساھەت، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئوخشىتىشلىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە[1].

---

① «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (جۇڭگو قامۇسى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى 2 ـ توم).

کیم تلاوت برله کاهی انتظار　ایشنه و آچ پریشان روزگار

اول اختتام ایردی فخر مصطفی　گوهر ختان بحریای صفا

روضه دین شول حین پیدا بولدیلار　شمس دین روشن هویدا بولدیلار

لیلة القدر ایردی آیا اول کیچه　خواجه غه تلقینی قیلدیلار نچه

ایدیلار سلطان بیز نینک فرزندیمیز　تو تمیل امریمیزنی داغی دلبندیمیز

هر نه سلطان ایتور انداغ ایلاکیل　امر سلطاننی خدا امری دیکیل

بیرگر سندین رضا دیبیز رضا　تا رتماغونکدور ایکی عالم دا ایزا

بعد رخصت بردیلار غیب ایلدیلار　خواجه دریادیک لبالب بولدیلار

خواجه بزرگوار مدینه دین یوروب بندری صورت توشوب

هندوستان بیلان یارکند زمین کلکان لاری

خلق عالم برله ایلاب خیر باد　گردیلار یولغه مثالی برق باد

ایکی باره سیر اتیب بونالوان　بندری صورت بیله هندوستان

نجه ای اوتتی و کنجد کلدیلار　بشتۀ حقانیت دین شیر

اولتورماین کنجده ابو مرآت نوش | یوردیلار منزل بمنزل تا دادر
انداداورنینک زمینی تا ایدی | اولتوردغ اوق برجماعت بار ایدی
حضرت بزرگوارنی کوردیلار | بیر مسافر حاجی بر خوردین حج
ل کا یا غلاب برکنه کولباری بار | ایلیک نعیدا: درسیمین باری بار
خلق کلتوردی قاتیق آش نان | آشنا نینی یب بولوب سیر جوان
اویلاریکا تارقاشیب کتی هم | خواب خورالیوا نیغه یتی هم

خواجهء بزرگوار داورنیکه کلیب بر علام نینک حالی مشغول لوق
مزارا تینی تعمیر قیلیب ایلکا نشان برکوزیتیم برتول
خاتون یرینی بوزما غیل دیب ماجرا قیلیب فریاد قیلغانی

قوندیلار القصه موندا بو کیچه | آکوردیلار باطن داسرار ازکیچه
یاتیاین اولتوردیلار بوله بهیر | رو برو دین برعزیزی کلدیلار
خواجه غه قیلدی سلام اکرام ایتیب | بار ایجا جوانانینی اعلام ایتیب
ایدی ای مرد خدا خوب کلدینکیز | بولدی اوچ یوز ییل سیلینک زندانینز

جمله عالم لارغه من اعلم ایدیم
قطرت دانش در عالم ایدیم

ناگهان بر لفظ فتوی دین غلط
بولغانیدین بیر دمن بر کوندا لت

قبر الجیده حق جزا بردی منکا
سهو قیلغاندین اذا بردی منکا

اونک کوزدمدین اندی براز غان زور
یورکا شیبانی تیغه ماران کور

هر محلیکیم چیقاراندین شمال
تبره یورار غانینی ای اهل کمال

اول سبب دین بار ها ازرده من
قوتیم یوق تبرا اورکا مرده من

تنجی یماس دور من منکا آرام یوق
گویا ازغان کوزومکا تکان اوق

نی بولور ازغانی یولغه سالسه لار
هیچ ریشینی یولوبان آلسه لار

قبر میز بو پرده دیب کورکاتی لار
کوزلاریدین غیب اولوبان کتسه لار

بو عزیز ننک کراماتینی یاد
ایلابان بعد از نماز بامداد

کنت الجیدین خواجه صاحب نظر
اوج یورت کیتماکچی نی کلتوردیلار

ایدیلار کیتماندا ای کیتماکچی لار
باره بو یرنی قیل زیر و زبر

توروب ایردیلار بولار یرنی چاپیب
اولیانینک جایکاهینی تاپیب

او شبو حالت دا ایدی بر تون خانتون — ایلکیما اوت اوجا سیدا اوتون

قبحو تیب کلدی یریمنی یوزماغیل — خانقاهی صوفیلار مویا اغیل

خواجه ایدیلار کرچه اکیل ماما — من برای تا واینی کوب یغلاما

قیلمادی هرگیز قبول یوتون خانتون — تاشلادی یرکا اوجا سیدین اوتون

خانتون عرض ایلارم دیب بولدی روا — قارغالیق داتا بتی خانی ناکهان

یورتی معمور ایردی خلقی بسیار ایدی — اول محل عبدالرشید خان ایدی

بونی کوروب کلدی فریاد ایلادی — ایکی تیزینی یوکوب داد ایلادی

ایدی ای سلطان عالم داد داد — ظلم قیلدی صوفی بیداد داد

قطعهٔ آب زمینیم بار ایدی — نفع بر سیلدا منکا بسیار ایدی

صوفی پیدا بولوبدور کچ قورتون — ایلینی آلداب یرکا سالوش برون

جمع اولوبدور صوفیلار مکر ایلا کاج — خرقه اکنیدا باشیدا سبیج

نجه کتمانجی سالیب بوزدی یریم — صوفیغه سوزلارکالی یوقتور اریم

عاجز آواره من داد ایلادیم — حضرتینکغه مونجه فریاد ایلادیم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دیب بو سوزلارنی حرام زاده قری — فعل شاشیب بیر خو یوزی قاره جری

عبد الرشید خان اول خاتون غه یساول قوشقانلاری

رحمتی خان بر یساول قوشتیلار — یرلیغیم یتکورسانک اول یردین کتار

صوفی مو دریش مو دورنی یسون — بیهوده کیش نینک یرینی بوزماسون

کلدی بکیمه یساول حکم الیب — خواجه نینک قاشلاریغه غوغا سالیب

یتکوردی خان نینک یارلیغینی ات ایله — توشمادی یرکا توروبان اطایله

کور باطن ایردی و ظالم ایدی — بی ادب لیک بیرلا تعدی ایلادی

حضرت خواجه بولوبان در غضب — اسمان ساری باقیب تیبراتیب لب

ظالم ته دان یقیلدی آطیدین — مینک بیشتان یقیلدی قیلغان اطیدین

برقوی اسندی شوق قول بیرلا اول — اویکا یتکا سو بیکلدی توبی یول

هر نه کوردی اشکارا و نهان — قیلدی خان قاشلاریغه بربر عیان

خان ایکنچی یساول یوبورگانلاری

خان یوبوردیلار یساول دیکر — انکلاغیل صوفی نه یردین کلدیلار

سین نعدی قیلماین هسته بلا بی ادب لیک قیلماغیل سین زینهار

کلدی ایکنچی یساول بیم ایله بس سلامی یلادی تعظیم ایله

سوردی ای بزرک نه یردین کلدیلار بیلمادوک قیسی شهردین کلدیلار

خواجه اوتکان نه تقریر اتی لار کاه دلاغا ریزه انکا کورساتی لار

ایلکاری کلدی یساول تیز تیز کوردی تربت نینک ایچیده بر عزیز

اونکه کوزیدا برتوب ازلی پرتیکان موندا اوچ یوز ییل ایرور یاتقان ایکان

خواجه الدیلار یولوبان شاخ تسامیش قریتی عالم غرق قیلدیلار فراش

ایدکا بواسرارنی کورکاتی لار اوغ تکیب بخششی مراتی لار

یانری ایکنچی یساول یوق ایلان تانش ادرو بان سینه سی کا توق ایلان

باردی خانغه حکایات ایلادی ایدی او بیکیغ کرامات ایلادی

صورتی صوفی و اهل الله دین پر نفس غافل ایماس الله دین

جهره سیدین پرتو انوار دور هم ولی صاحب کشف قبور

خواجه نینک حقیقت لاری بیلیب عبد الرشید خان یا ربّ قول برکانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

انکلان با عبد الرشید خان اولوغ خان
یارچه بیک لار برله بولدیلار روان

یوکلاتیب اطلارغه کوب نذر نیاز
یوردیلار سرعت بیله روزی دراز

وقت پیشین ایردی یتیلار داود
حضرت خواجه نماز ایلاب ترور

فوج فوج بیک لار کلیبان توردیلار
خان توجه ایلابان اولتوردیلار

فارغ اولدیلار نماز ایلاب خواجه
حق تعالی برله راز ایلاب خواجه

ایرکاتیب کلکان سپاه بیک لار
خان عادل برله تقصیر قویدیلار

بربرین اوتکاردیلار نذر نیاز
جمله نینک کونکلیدا یوز سوز گداز

هر بریکا لطف ایتیب بزرکوار
صحبتی کرم ایلادیلار آشکار

خان بن خان امیرلار مونینک کبین
ییلاین بورکوت شونکغار چین

اتفاق ایلاب هم قول بردیلار
قالمادی قول برمکان بیک نوکر

کل کل اولدی خواجه بیر توفشان
راست یولدین کوزکوزوب الکانشان

که شریعتدین سخن سنج اولدیلار
که طریقتدین درکنج اولدیلار

خانقاهی سالدیلار اول یرده هم
حضرت بزرکوار خوان بهم

## عبدالرشید خان خواجهٔ بزرگوارنی شهرکا تکلیف قیلغانلاری

ایلادی تکلیف خانی هوشمند
ایمدی سیر اتسون که یورت یارکند

بو مغولستان ایچیده شهرلار
چارباغ جویبار و نهرلار

خلق نینک جوش و خروشی چون فراوان
هر طرف مسجدده اوازان

حضرتینکغه قیلدیلار بو تاج کمر
بای تختی رختی اول سکندر شهر

بی توقفلیغ لسولارا طقوز سوار
پاک ایلاب شهردین گرد و غبار

خواجه اولدم داسوار ابولدیلار
لشکر خان یول اچیکا تولدیلار

سیر ایتیبان خان بیلان بزرگوار
قارغلیق نینک لبتی کا توشتی گذار

کوردیلار کیم کنتلار هر یان ایرور
اوتراسی میدان خارستان ایرور

طرفه میدانیکه قوم و تاشلیغ
اولماکی ان ادل یرده هرکیز اشلیغ

خانقه ایدیلارکه بو منزلنی شاه
ایلاسام بر قریهٔ یا خانقاه

وقت تانک دور خانقاه اکی کرک
دین اصلاح ایلکا اورکاتی کرک

خواجهٔ بزرگوار قارغالیق موضعیدا خانقاه سالدورغونجه

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بر عزیزیدین اسرار لطفی مشاهده قیلغانلاری

چون ایشارت قیلدیلار بزرگوار — جمع بولدی بنجه صوفیء بیکار

بریسی بالچیق آتی قویدی بر خشت — جمع بولدیلار اوی پرده خوب زشت

تورت تامینی قوپاردی صوفیلار — کیچه یاتیب ارته سیکا کوردیلار

بر تامی یاشیدین ایاغ ویران ایرور — صوفیلار ایدی کشتی قیلغان ایرور

تام قوپاردیلار ینه تا وقت شام — تنک قیلیب اوج تامغه بالای تام

باقتیلار بعد از نماز بامداد — بر تامی اوچ تامدین ایمیش خراباد

اوچ مرتبه تام قوپاردی صوفیلار — کیچه قیلدیلار کلیب زیر و زبر

خواجه تو دینچی کیچه اولتوردیلار — باعثی نیدورکه الغایلار حجر

نی کورارلار و بوردین نیم شب — اشتری مست یتیب کلدی عجب

تیشقی بیله تامنی ویران ایلادی — خشتلارنی هر کا یکسان ایلادی

خواجه فریاد ایلادیلار ای شتر — تامنی یوق قیلدینک جان سیدین موندا تور

اشترا صلیکا کلیب قیلدی سلام — ایدی ای ملا شیخی نیک نام

# سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| تلاوت | [tilawät] | قۇرئاننى مەخسۇس ئاھاڭدا ئوقۇش |
| مصطفى | [mustäfa] | (1) تاللانغان، تاللىۋېلىنغان؛ (2) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈپىتى |
| كوهر | [gäwhär] | (1) گۆھەر؛ ئۈنچە، ياقۇت، ئالماسقا ئوخشاش قىممەت باھا تاش؛ (2) ئەسلى، نەسەب، كېلىپ چىقىشى؛ (3) ئاساسىي خۇسۇسىيەت؛ (4) ماھىيەت، ئاساس |
| رخشان | [räxshan] | يالتىراق، پارلاق؛ تاۋلانغۇچى |
| صفا | [säfa] | يورۇقلۇق، روشەنلىك، پارلاقلىق؛ خۇرسەنلىك؛ مەئىشەت |
| روضه | [räwzä] | (1) باغ؛ (2) جەننەت؛ (3) مۇقەددەس جاي، قەبرە |
| حين | [hin] | ۋاقىت، پەيت، زامان |
| هويدا | [huwäyda] | ئاشكارا، ئايان، زاھىر، روشەن |
| ليلةالقدر | [läylätul—qädr] | قەدىر كېچىسى (رامزاننىڭ 27 ـ كېچىسى بولۇپ، بۇ كېچە قۇتلۇق ھېسابلىنىدۇ) |
| تلقين | [tälqin] | تەلىم، بىرەر مەسىلىنى باشقا كىشىگە ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش |
| بعد | [bä'd] | كېيىن، سۈڭ |
| بزركوار | [buzurgwar] | ئۇلۇغۋار، ھۆرمەتلىك، ئاتاقلىق |
| بندر | [bändär] | پورت، ماتۇ |
| برق | [bärq] | (1) چاقماق، چېقىن، يېشىن؛ (2) ئوت، ئاتەش |
| باد | [bad] | شامال، يەل |
| باره | [barä] | مەرتەم، قېتىم |
| ناتوان | [natäwan] | كۈچسىز، بوش؛ زەئىپ؛ تاقەتسىز |
| بيشه | [beshä] | توقاي، ئورمان، جاڭگاللىق |
| شيرنر | [sheri när] | ئەركەك شىر |
| مرات | [mirat] | ئەينەك، كۆزگۈ؛ روشەنلىك، سۈزۈكلۈك |
| داور | [dawur] | جاي نامى |
| كولبار | [kulbar] | خۇرجۇن |
| جوان | [juwan] | يىگىت |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| خواب | [xab] | ئۇيقۇ: خواب وخور [xabuxor] ـ يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئۇيقۇ . |
| علامه | ['ällamä] | ئالىم، كاتتا ئالىم |
| مكشوف | [mäkshuf] | ئېچىلغان، كەشىپ قىلىنغان؛ ئوچۇق: مكشوف بولماق ـ ئېچىلماق |
| مزارات | [mäzarat] | مازارلار، قەبرىلەر، «مازار»نىڭ كۆپلۈكى |
| تعمير | [tä'mir] | ئىمارەت قىلىش، بىنا قىلىش، بۇزۇلغان جاينى تۈزىتىش، رېمونت قىلىش |
| باطن | [batin] | ئىچكى تەرىپى، ئىچ، كۆڭۈل |
| روبرو | [rubäru] | يۈزمۇ يۈز، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل، ئۇدۇل |
| عزيز | ['äziz] | ئەزىز، ھۆرمەتلىك |
| اكرم | [äkräm] | كەرەملىك، ھۆرمەتلىك |
| اعلام | [ä'lam] | (1) قوشۇن ـ لەشكەرلەرنىڭ بايراق ۋە نىشانلىرى؛ (2) ئاتاقلىق ئىسىملار |
| جمله | [jumlä] | ھەممە، بارچە، پۈتۈن، بارلىق |
| اعلم | [ä'läm] | بىلىملىك، كاتتا ئالىم؛ شەرىئەت قانۇنلىرى بويىچە قانۇنشۇناس |
| فطرت | [fiträt] | يارىتىلىش، تۇغما |
| دانشور | [danishwär] | بىلىملىك، دانىشمەن، ئوقۇمۇشلۇق، دانا |
| لفظ | [läfz] | سۆز؛ ئىپادە |
| فتوا/فتوى | [fätwa] | پەتىۋا (دىنىي قانۇن يۈزىسىدىن بىرەر مەسىلە ياكى دەۋا توغرىسىدا بېرىلگەن پىكىر) |
| غلط | [ghälät] | خاتا، يېڭىلىش، سەۋەن |
| لت | [lät] | ئۇرۇش، يەنچىش، زەربە |
| سهو | [sähw] | خاتا، يېڭىلىش، سەۋەن؛ ئۇنتۇش |
| ماران | [maran] | يىلان |
| بارها | [barha] | تەكرار ـ تەكرار، نەچچە رەت |
| بعداز | [bä'daz] | «بعد»گە قاراڭ. |
| زيروزبر | [zeruzäbär] | ئاستىن ـ ئۈستۈن، ئاغدۇرۇلغان |
| اغيل | [aghil] | ئالغاي، كور، قارىغۇ |
| توان | [täwan] | قۇۋۋەت، تاقەت، كۈچ، قۇدرەت، چىدام |
| بيوه | [bewä] | بۇۋى |
| قطعه | [qit'ä] | پارچە |
| بسيار | [bisyar] | كۆپ، مول |
| سالوس | [salus] | بويامچىلىق، ئالدام، ھىيلە |
| خرقه | [xirqä] | شەيخ ۋە دەرۋىشلەرنىڭ ئۈستى كىيىمى؛ جەندە |

| | | |
|---|---|---|
| سپج | [säpäch] | سەللە |
| بات | [bat] | تېز، تېزلىك، ئىتتىكلىك |
| كورباطن | [korbatin] | دۆت، ئەقىلسىز، ئىقتىدارسىز، بىلىمسىز، نادان؛ يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، نەزەر دائىرىسى تار |
| تعدى | [tä'äddi] | زۇلۇم، تاجاۋۇز، تەھدىت: تعدى ايلاماك ـ تەھدىت سالماق، تەھدىت قىلماق؛ ھەددىدىن ئاشماق |
| ديكر | [digär] | ئۆزگە، باشقا |

## ئىزاھ:

12. بلكى [bälki] بلى [bäli] بل [bäl]

«بلى، بل» — «بلكى» نىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ، رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بەلكى» سۆزى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

△ *بلى عشق ايچره عاشق بولسه صادق*
*بولور معشوق عاشق هم موافق* — صلاحى.

△ *تيش اويغاق لخشيكير بل قارجى دزمال*
*جوموج كفكى اياق سيز اش اوسالماس* — كتاب عبدالله.

13. ليكين [lekin]، وليكين [wälekin]، ليک [lek]، وليک [wälek]، ولى [wäle]
رولى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «لېكىن» سۆزى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

△ *جهان ايچره كرفتار يم تولادور*
*ولى توشتى سنكا مهر خياليم*

(جاھاندا ماڭا مەپتۇن بولغانلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن مېھىرى خىيالىم ساڭىلا چۈشتى.) — صلاحى.

△ *عشق نينک كون ومكان ايچره مكانى يوق تورور*
*ليک باقسانک جان كوزيدا عشق سيز يوقتورمكان*

(ئىشقىنىڭ دۇنيادا تۇتقان ماكانى يوق، لېكىن جان كۆزى بىلەن قارىساڭ، ئىشقىسىز ماكان يوق.) — گۇمنام.

14. كە/كى [ki] كيم [kim]
رولى ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «كى» باغلىغۇچىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەرخىل مەنىدىكى بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملىنى باغلاش رولىدا كېلىدۇ:

(1) ئىگە بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *قبرى معلوم ايماس كى قيدادور*

(قەبرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكى ‹ئىگە بېقىندى جۈملە›، مەلۇم ئەمەس ‹باش جۈملە›.) — نەۋائى.

(2) خەۋەر بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *حاجتيم بودور خداياكيم كرامت قيلغاسين*

(ئەي خۇدا، ھاجىتىم شۇكى ‹باش جۈملە›، بىركارامەت كۆرسەتسەڭ ‹خەۋەر بېقىندى جۈملە›.) — نەۋائى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(3) تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *بند زلفونکدین نوائینی خلاص ایتکیل دیسام*
*درکه بولماس بولماغونچه حکم سلطاندین خلاص*

(چېچىڭنىڭ باغلىقىدىن نەۋائىنى بوشىتىۋەت دېسەم، دەيدۇكى ‹باش جۈملە›، پادىشاھ ھۆكۈم قىلماي تۇرۇپ مۇمكىن ئەمەس ‹تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە›.) — نەۋائى.

(4) سەۋەب بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *قاشینک کورکاج نجوک ایلانماىین کیم قبلهگاهیم دور*

(قېشىڭنى كۆرگەندە ئۇنى نېمىشقا ئايلانماي ‹باش جۈملە›، چۈنكى ئۇ مېنىڭ قىبلىگاھىم ئەمەسمۇ؟ ‹سەۋەب بېقىندى جۈملە›.) — گۇمنام.

(5) مەقسەت بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *عزم دیر اتیم که ایچکایمن صبوحی ساغری*

(ناشتىلىققا بىر ئىچەي دەپ ‹مەقسەت بېقىندى جۈملە›، مەيخانىغا بارماقچى بولدۇم ‹باش جۈملە›.) — نەۋائى.

(6) ۋاقىت بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *خوجند هم مدت مدید ایدیکیم عمر شیخ میرزا دیوانیغه تعلق ایدی*

(ئۇزاق ۋاقىت بولغانىدى ‹ۋاقىت بېقىندى جۈملە›، خۇجەندمۇ ئۆمەر شەيخ مىرزا ئىدارىسى ئاستىدا ئىدى ‹باش جۈملە›.) — «بابۇرنامە».

(7) دەرىجە بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *نوائی می بیله کونکلومکا اوت سالکیم زمان اهلی*
*ساوغ لوغ انجه قیلمیش لارکه کونکلومنی ساوتمیش لار*

(نەۋائى، مەي بىلەن كۆڭلۈمگە ئوت سال، چۈنكى زامان ئەھلى شۇنچىلىك سوغۇقلۇق قىلىشتىكى ‹باش جۈملە›، كۆڭلۈمنى سوۋۇتىۋەتتى. ‹دەرىجە بېقىندى جۈملە›.) — نەۋائى.

(8) ئورۇن بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *قايو طرفکی قویاش ینکلیغ اول نکار بارور*
*سونکیچه سایه مثل لیک بو خاکسار بارور*

(خۇددى قۇياشقا ئوخشاش ئۇ نىگار قايسى تەرەپكە ماڭسا ‹ئورۇن بېقىندى جۈملە›، خۇددى ئۇنىڭ سايىسىدەك كەينىدىن بۇ خاكسار بارىدۇ. ‹باش جۈملە›.) — نەۋائى.

(9) شەرت بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *جنون بو بولسه کیم یاغدی پروش طفل لار تاشی*

(ئەگەر سارالىڭ مۇشۇ بولىدىغان بولسا، پەرىگە ئوخشاش بالىلار ئۇنىڭغا تاش ياغدۇرىدۇ.) — نەۋائى.

(10) قارشىلىق بېقىندى جۈملىنى باش جۈملىگە باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *ساریغ چهرهم کوروب رحمی کیلور دیب ییغلاب ایردیم من*
*که تاثر قیلمادی بو کوز یاشم سین بدگمانیم غه*

(سارغايغان چىرايىمنى كۆرۈپ، رەھمى كېلەر دەپ يىغلىغانىدىم، لېكىن بۇ كۆز يېشىم سەن گۇمانخورۇمغا تەسىر قىلمىدى.)[1] — موللا بىلال.

---

① بۇ مەزمۇنلاردا تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن سۆزلىگەن لېكسىيە خاتىرىسىدىن پايدىلىنىلدى.

## 7. مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دىن پارچە

مولla ئىسمەتۇللا بىننى مولla نىمەتۇللا مۆجىزى 19 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىبى، مۇزىكشۇناسى ۋە تارىخچىسى. ئۇ خوتەندە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە ئەدەبىيات، تارىخ ھەم مۇزىكا ئىلمىدا يۇقىرى ئىختىساسقا ئېرىشكەن، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن ئىلىم مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى ئىدى. مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكچىلار تارىخى) ناملىق بۇ رىسالىنى 1855 ـ يىللىرى ئەتراپىدا شۇ ۋاقىتتىكى خوتەن ھاكىمى ئەلىشىر ھېكىم بەگنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەردىن ئىشەنچلىك دەلىل ـ پاكىتلارنى توپلاپ يېزىپ چىققان.

ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئاساسى بولغان مۇقاملارنىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ھەققىدىكى بۇ تارىخىي ئەسەردە فارابى، لۇتفى، نەۋائى، مەلىكە ئامانىسا، قىدىرخان، ... قاتارلىق ئەدىب ۋە مۇزىكا ئۇستازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن.

ئومۇمەن، «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، 19 ـ ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە چىققان تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ سەمەرىلىرىدىن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك مەنبەلەردىن بىرىدۇر.

چقاردیلار اوز زمانه لاریده معروف مشهور
موسیقیون لاردین بولوب ایردیلار تاریخ
نینک سکز یوز سکسان بردا حصار دارایتیدا
مدفون بولدیلار بیتینچی پیری حضرت
مولانا نورالدین عبدالرحمن جامی ایردیلار
بو عزیز نینک خصلت فضیلت لاری نوع نوع
کتاب لاردا مشهوردور فضلای انکدین
اوتماسیکی امیر نظام الدین علی شیر نوایی دیک
عالیمغه بتمام علم و عمل ده اوستاد دورلار
نوایی دیک ذات بولگوسی نی اوستادیم مرشدیم
دیمکی بو عزیز نینک توصیف تعریف لاری
اوچون کفایه دور کیم نوایی حضرت لاری
اوز خمسه لاریده بیش جایدا بو عزیزنی
نیم دیب تعریف قیلیبدور کیم کورگانگا سزلار

بس بو عزیز بیتمه علمیده حضرت فارابی دیک
اوستادکل ایردیلار شاعر عالیم بولغاندین بیلکه
مجذوب لیق لاری قوت لیک راق ایردی بس
طنبور سه تار قانون قاتارلیق پارچه نغمه
نی اوزلاری قول لاریده ترنم قیلیب ایردیلار
عجم دیگان بر مقام نی اننگ ایکی له مرغوله لاردینی
اختراع قیلیب ایردیلار کوب شاگرد پرورنده
مکمل قیلیب ایردیلار رساله دوازده ملیق
بر کتاب بو فن خصوصیدا تصنیف قیلیبدیلار
حضرت علی شیر امیر حضرت لاری بو فن نی هم
حضرت جامی دین تعلیم الدیلار حضرت جامی
تیمش توقوز یاشلاریدا تاریخ نینگ سکز یوز توقوز
سکزیده خراسان نینگ هرات شهریده وفات
بولدیلار سکزنچی پیری حضرت امیر نظام

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

الدین علی شیر نوایی دور بو عزیز نینک عموم
فضل شرافت لاری اوز لاری یوتکان شعر
کتاب لاریدین معلوم دور کلیات چهار دیوان
لاری خمسه لاری بولاردین باشقا ایلگری
کین کوب از بولوب یوتکان اوتوز التە خارجه
کتابلاریدین ۷ اوز لاریدیکی خصلت و عشق
محبت لارینی معلوم قلدیم بو یوسونلوغ شریف
عالم لارینینک اوستیگه قیر اوستاد لاری حضرت
جامی دیکن موسیقی فننی نی خوب اورگاندیلار
برکیچه برکیچه سه تار طنبور لارینی چلیب اوز
لاریگه ایتقان غزل لارسیلان حمد ایتیب
بیهوش بولوب ایردیلار نوا دیگان بر مقام نی
اختراع قیلیب عالم گه شایع بولدی لار
بو عزیز تاریخ نینک [illegible]سکز یوز قرق اوچی

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| معروف | [ä'ruf] | تونۇلغان، مەشھۇر؛ مەلۇم |
| مدفون | [mädfun] | كۆمۈلگەن، دەپنە قىلىنغان |
| نوع نوع | [näw'—näw'] | توپ - توپ؛ خىلمۇ خىل |
| فضل | [fäzl] | (1) ئارتۇقچىلىق، ئۈستۈنلۈك، يېتۈكلۈك؛ (2) ئىلىم، پەن، ھۈنەر، تالانت |
| مرشد | [murshid] | يول باشلىغۇچى، توغرا يولغا سالغۇچى، پىر |
| توصيف | [täwsif] | سۈپەتلەش، ماختاش |
| مجذوب | [mäjzub] | (1) قىزىقتۇرۇلغان؛ بېرىلگەن؛ (2) ھەيرەتتە قالغان |
| ترنم | [tärännum] | كۈيلەش، ناخشا (قوشاق) ئېيتىش، گۈزەل سۆز-لەش |
| تصنف | [täsnif] | تۈزۈش، بارلىققا كەلتۈرۈش، يارىتىش؛ تۈپلەش، تۈرگە ئايرىش |
| شريف | [shärif] | شاراپەتلىك، شەرەپلىك، ئەزىز، قەدىرلىك |
| شايع | [shayi'] | يېيىلغان، تارقالغان، مەشھۇر؛ ئاشكارا |

### ئىزاھ:

15. تا [ta] تاكه [taki]

بۇ ياردەمچى سۆز كۆپىنچە قوشما بېقىندى جۈملىلەردە بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، بېقىندى جۈملىنى باش جۈملىگە باغلايدۇ.

(1) ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ۋاقىت بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ ***يوزونك تاپردين ظاهر بولوبدور***
***صنملار حسن دعواسين قويوبدور***

(يۈزۈڭ پەردە ئىچىدىن چىققاندىن بۇيان، سەنەملەر ھۆسن دەۋاسى قىلمايدىغان بولدى.) — ئاتائى.

△ ***تاكى سن باردينك قلندر قالدى زار***

(سەن كەتكەندىن كېيىن، قەلەندەر زار يىغلاپ قالدى.) — قەلەندەر.

(2) شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شەرت بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ ***محبت اهلينى ايستارام تا اياغيم بار***

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(پۈتۈملا بولىدىكەن، مۇھەببەت ئەھلىنى ئىزدەۋېرىمەن.) — زەلىلى.

(3) مەقسەت بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، مەقسەت بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ *تاكە يتكورسام ركابيغە باشم نى كاشكى*
*قيلسە شخصيم نى منينك ايت شكلى بيرلا اشكار*

(ئۇنىڭ ئۈزەڭگىسىگە بېشىمنى تەگكۈزگەن بولسام، مېنى ئىت ئورنىدا كۆرگەن بولسىمۇ مەيلىتى.) — نەۋائى.

(4) «ئاخىر، نەتىجىدە» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

△ *هميشە هفت ايقليم سيرو تماشاسيدا عمرمنى صرف ايلاب تاكى سياهليق تا مشهور بولدوم*

(ھەمىشە يەتتە ئىقلىم سەيلە ـ تاماشاسى بىلەن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر سەيياھ دېگەن ئاتاققا ئىگە بولدۇم.) — «چاھار دەرۋىش».

(5) ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرى ئالدىدا كېلىپ، چەك كېلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

△ *تاقيامت ييغلاسام يتكايمو افغانيم منينك*
(قىيامەتكىچە يىغلىسام، ئاھۇ ـ پەريادىم ساڭا يېتەرمۇ؟)

(6) بەزىدە «ئەگەر» مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن:

△ *اى ذليلى كيچە كوندوزدور ايشيم ديوانەليغ*
*تاجنون ايقليميدين ملك مسخر بولماسا*

(ئەگەر مەجنۇنلۇق ئىقلىمىدىن بىر يۇرت ئىگىلىمىسەم، مەن زەلىلىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز قىلىدىغان ئىشىم بىخۇتلۇق بولۇپ قالىدۇ.) — زەلىلى.

16. ايلە [uylä] بيلە ~ بويلە [buylä]
ايلەكيم [uyläkim] بويلەكيم [buyläkim]

بۇ يارەمچى سۆز «خۇددى» سۆزىنىڭ مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. بەزىدە ھەر خىل رايدىكى جۈملىلەرنىڭ ياكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن تەركىب بىلەن قوشۇلۇپ، ئوخشاتما ھالەت ياكى ئوخشاتما جۈملىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

△ *عارضين يابقاج كوزومدين ساچيلور هرلحظە ياش*
*بويلەكىم پيدا بولور يولدوزنهان بولغاج قوياش*

(ئۇ يۈزىنى يېپىۋېلىشى بىلەن خۇددى قۇياش پاتقاندا ئاسماندا يۇلتۇزلار پەيدا بولغىنىدەك، كۆزۈمدىن ھېلىدىن ھېلىغا ياش قۇيۇلىدۇ.) — نەۋائى.

△ *ايلە رسوامن كەكوى وكوچە دا حاليم كوروب*
*بعضى ايل كريان وبعض خلق خنداندورمنكا*

(مەن شۇنداق بىر رەسۋا مەنكى، كوچا ـ كويلاردا مېنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى يىغلىشىدۇ، بەزىلىرى كۈلۈشىدۇ.) — نەۋائى.

17. نيچوككە [nechükki] نيچوككيم [nechukkim]

(1) جۈملە بۆلەكلىرىگە قوشۇلۇپ «خۇددى، دەك» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

△ تاپیلمای اودو سندل ایچره نجار
نیچوککیم کیرسه دوکان ایچره تجار
(ئۇ ۋە سەندەل ئارىسىدىكى ياغاچلارنى خۇددى دۇكان ئىچىگە كىرىپ كەتكەن سودىگەر-لەرنى تاپقىلى بولمىغاندەك تاپقىلى بولمايتتى.) — نەۋائى.
△ بوجنت لارغه قیلغایلار خرامان
نیچوککیم روضه ایچره حرو غلمان
(ئۇلار بۇ باغچىلاردا خۇددى جەننەتتىكى ھۆر ۋە غىلمانلاردەك جىلۋىلىنىپ يۈرسۇن.) — نەۋائى.
(2) «چۈنكى، شۇڭا» سۆزلىرىنىڭ رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:
△ خوجندنینک اناری یخشیلیققه مشهوردور نیچوککیم سیب سمرقند اناری خوجند دیرلار.
(خوجەنتنىڭ ئانىرى ياخشىلىقتا داڭق چىقارغان، شۇڭا «سەمەرقەنتنىڭ ئالمىسى، خوجەنتنىڭ ئانىرى» دېيىشىدۇ). — «بابۇرنامە.»
△ بو خاره تیشه بیرلا بولماس افکار
نیچوککیم تیشه‌میتین ایلاماس کار
(بۇ تاشلار كەكە بىلەن چېپىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا كەكە، مىتىن كار قىلمايدۇ.) — نەۋائى.
(3) تەڭداش قوشما جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش، تۈرلۈك بېقىندى جۈملىلەرنى باش جۈملىگە باغلاش قاتارلىق روللاردا كېلىدۇ. مەسىلەن:
△ بولوبدور تشنه جانیم اب کوثر برسه‌هم قانماس
نیچوککیم تشنه‌لیک دفعیغه‌لعلی نینک خیالیدور
(جېنىم تەشنا بولدى. كەۋسەر سۈيى بەرسىمۇ قانمايدۇ ‹باش جۈملە›، چۈنكى تەشنا-لىقنى بېسىش ئۇچۇن لەۋلىرىنى خىيال قىلىدۇ ‹سەۋەب بېقىندى جۈملە›.)
— گۇمنام.
△ عشق دشتی موریدین ایلار هزیمت اژدها
اژدها بیرلا نیچوککیم موراینا الماس مصاف
(ئىشق دەشتىنىڭ چۈمۈلىسىدىن ئەجدىھامۇ قورقۇپ قاچىدۇ ‹باش جۈملە›، ۋەھالەنكى چۈمۈلىنىڭ ئەجدىھا بىلەن تەڭ تۇرالماسلىقىغا قارىماي ‹قارشىلىق بېقىندى جۈملە›)
— نەۋائى.
18. نیچه [nechä] هرنیچه [härnechä] هرنیچه‌کیم [härnechäkim]
بايان رايىدىكى جۈملە ۋە خەۋەرلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، كۆچەيتىلگەن توسقۇنسىز قارشى-لىق بېقىندى جۈملىنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:
△نیچه زنجیرایلاسام کونکلوم اوینینک اشیکین
نیلایین قاندین کیلور زلفونک خیالی باش اوروب
(كۆڭلۈمنىڭ ئىشىكىنى زەنجىرلەپ مەھكەم تاقىۋەتسەممۇ، قەيەردىندۇر چېچىڭنىڭ خىيالى كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيدۇ.) — ئاتائى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

△ نیچه اول شمع بار ایردی دل افروز
ولی کوب شعله تارتار ایردی جان سوز

(ئۇ چىراغ قانچىلىك دىل تارتقۇچى بولسىمۇ، ئۇنىڭ شولىلىرى جاننى تولا كۆيدۈرگۈچى ئىدى.) — نەۋائى.

△ هرنیچه کیم سیزکا زخمتدور ذکات حسن اوجون
التفاتی لطفی ساری کاه‌کاه ایلاب اوتونک

(سىزگە ھەر قانچە زەخمەت يەتسىمۇ، ھۆسنىڭىزنىڭ زاكاتى ئۈچۈن لۇتفىغا ئاندا-ساندا ئىلتىپات كۆرسىتىپ قويۇڭ.) — لۇتفى.

19. باوجود [bawujud] باوجودی [bawujudi] باوجودکیم [bawujudkim] باوجودی کیم [bawujudikim]

بۇ ياردەمچى سۆز بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىنى باش جۈملىگە باغلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

△ باوجودی مونچه نادانلیغ مرید ایلار اوجون
کوب اوزیدین مونچه نادانلیغ نی پیدا قیلدی شیخ

(شەيخ ئۆزىنىڭ شۇنچە نادانلىقىغا قارىماي، يەنە كىشىلەرنى مۇرىت قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ نادانلىقلارنى قىلدى.) — نەۋائى

△ باوجودیکیم بیلورسین یارصادق من سنکا
هرزمان دیرسن منی اغیار تقصیریم نەدور

(ساڭا سادىق يار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ھەر دائىم دۈشمەن دەيسەن، مېنىڭ زادى كەمچىلىكىم نېمە؟) — ئاتائى.

# 8. «دىۋانى گۇمنام» دىن پارچە

مۇھەممەتئىمىن ئىبنى خاجەمقۇلى گۇمنام («گۇمنام» لىرىك شېئىرىيەتتە قوللانغان تەخەللۇسى) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەشھۇر شائىرلاردىن بىرى. ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق ئېپىك داستانى ۋە «دىۋانى گۇمنام» قاتارلىق ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئېپىك شېئىرىيەتتە «ھىرقەتى» تەخەللۇسىنى قوللانغان. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانىدا كۆرسىتىلىشىچە، شائىر قەشقەرنىڭ تازغۇن يېزىسىدىكى باغچى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئافاق خوجا دەۋرىدە ياشاپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا باغۋەن، چىراغچى، كاۋاپچى مەنسەپلىرىدە بولغان. شائىرنى مىلادى 1634 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1724 ـ يىلى ۋاپات بولغان دېگەن قاراشلار بار.

داستاندا شائىر «مۇھەببەت — جاپا ـ مۇشەققەت دېمەكتۇر. مېھنەت قىلماي، رىيازەت چەكمەي تۇرۇپ، ۋىسالغا يەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن مەزمۇننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. گۇمنام مەيلى داستاندا، مەيلى دىۋاندا بولسۇن «سابا»، «گۈل»، «بۇلبۇل»، «مەشۇق»، «ساقى»، «مەي» قاتارلىق سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ھايات ۋە تۇرمۇشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ پاساھەتلىك تىلى بىلەن روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ[①].

---

① «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى 4 ـ توم).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چقعه یاشیغه تاج تاقیب کویدورور دیلنی اوتیاقیب    هر ساریغه قاراب باقیب برقی تشرینا کورونک

عشق اسیرلارین یغیب اولتوروشی نیشانیدور    تازه نهالی اوشنیده لاله کبی قبا کورونک

کونکلوم اوقی یار اسیدین لالهلار آچتی چون چمن    نمکین ایسانک قیلورغه بوکولسوم آچیب یرا کورونک

کمنام ایتنی ایتلاری تیشلاشیبان تالاشه دور

یاراتشکیده عشق اهلی اسر کونکلی ماجرا کورونک

دلبرا حسنونک شکاری نقش تاپیدور فلک    عیش خلوت ایچره هماننک ایمس ایردی ملک

میوه اوزمک ای پری قدینکدین اتیم التماس    یتماس ایلکیم لطف ایتیب ای طوبی قد شاخینکنی ایک

بزم آرا کلشن یوزونکا عیب ایمس قیلسام نظر    باغ آرا کیرسه برابر دور فقیر و شاه بیک

مهر دیک قیلسانک طلوع ارم ایت منی تابنینک بیله    میوه پیشسه یرکا توشه طعمه ایلار مش و بیک

هیچ عضوییم خالی ایرمس غنچه لعلینک فکریدین    هر شجر تحتیکا ینه سیر بولغای شاخ رگ

یادکاری التماسی ایتیم صبادین یادغه    یولغه ایردیم منتظر مژکان اوقی کلدی یورک

ناکهان توشتی قولومغه اوچتی تجنیدور چنیک    ایندشام ایلکیم کا قونماس بایمری قاتیق تالاش تولک

گمنام کوزونک تیغی بیله تاپتی شهادت
قانلیغ تنیکا عشق لباسین کفن ایتتیم

کوردوم یوزونکنی دیوانه بولدوم    عقل هوشوم دین بیگانه بولدوم
تا ترتیب جفانینک اولسام ییرلوزونکدا    یانماسهم هرگز مردانه بولدوم
بولدوم جهاندا رسوایی عالم    نخشی یمانغه افسانه بولدوم
کوثر شرابی یادیمغه کالماس    لعلینک غمیدین مستانه بولدوم
کوردوم توشومده شمع جمالینک    کویدوم اوروب چرخ پروانه بولدوم
یومدوم کوزومنی سندین بولکدین    کیتیم باریدین رندانه بولدوم
عشقینک میکه پور بولدی جسمیم    هم ساقی الکم می پیمانه بولدوم
بر قطره ایردیم چوکتوم تنکیزکا    کیردیم صدفکا دردانه بولدوم
کویدورمیسه اوت بولماس یغاچ چوغ    عشق اوتی بیله همخانه بولدوم
بولدوم فنا من تفراغ ایچیده    بر دانه ایردیم مینک دانه بولدوم

هر قیان باقیب سینینگ چهره نگا حیراندور کوزوم　　تیغی مژکان نینگ ضرب بیله غرقه قاندور کوزوم

کیچه وکوندوز ایمس غایب کوزوم دین کل یوزونگ　　یوموب آچسا قویاش نوریغه یکساندور کوزوم

کلمی کوزیمکه تیکن لار الچره آچیلغان کبی　　تیره مژکانلار آرا خورشید تاباندور کوزوم

سیل کبابی اوتغه سالغاندیک آقیزغای یاشلار　　لعل مرجان یوق یورک قانین آقیزغاندور کوزوم

آفتابدین تاماغه لعل دریاد اکوهر یوتاد ...　　بو مثل اول یوزکا کونکلومدین یول آچقاندور کوزوم

عشق طوریدین وجودوم قطره لار جذب اتماسا　　نه اوچون عشاق الچیده آبر کریاندور کوزوم

عشق اهلی نینک کونکلیده ذکر هر بو تکاکالی　　عشق نینک دریای نینک درجیده پنهاندور کوزوم

آسمان کوکلت شیغه چیرماغاندیک مهرنی　　برقرار نکلین الچیده درّ پنهاندور کوزوم

دردمحنت قوشلاریني جانیم ایتی پرورش　　دانه وسودا اوزیغه دایم درفشاندور کوزوم

انتظار لیق یولیدا دیر ایل اقارده کوزلاریم　　کلماکاچ بو یانغه چیکیب تیدین قاراغاندور کوزوم

اعتقاد اتماکل لاله اونوبدور دشت ارا　　عشق زخم اتکان یورک قانین تامزغاندور کوزوم

بو بلالار آی یوزیدین ییلماکان دور کلمشین　　وصلیدین عشرت قیلور دیب یا منیغاندور کوزوم

نوح طوفانی جهان غرق ایتی بولکاچ ناپدید    آشتی کوکدین لحظه‌ئی پاس موج طوفاندور کوزوم

قاش مژگان یوق یانا کوز توتقماسون دیب چینیغه    پاس ایتار کاساغه اقین یانیغه آستانه‌دور کوزوم

خاکپای ینیلغه چون کمنام کورسا چیمالسون
مهر تابان کوزی توشگان معدن کان دور کوزوم

چول مهرای‌دا جنوننگ ینکلیغ بیقرار اولدوم    یالشوندی سالکه هجران ظلمتینی دلفکار اولدوم

طلوع ایت مشرق کوینونک سارین روشن ایت ظلمت    یوزونک خلدیغه دوزخ اهلی ینکلیغ انتظار اولدوم

غمینگ نینک کثرتیدین جون کبوتر خانه‌دور کونکلوم    کر اوچا قایدین ایزداب کوز قانیدین دانه‌زار اولدوم

قرا زولفونگ خیالی چرماشه باشیدین ایاغیم نی    فلک بر عنکبوت تیغه ملکس یک صید تار اولدوم

ایاغینگ اوپماکین قیلدیم تمنا بولماداچ حاصل    تیلاب خیرشینک ایاغین یولونک اوزره خاکپا اولدوم

تن زاریم بلا اطفال تاشی نینک نشانیدور    تیشیب صحرا یا اقیب قان قتیل دشت لاله‌زار اولدوم

اولوم دور فخر اق ایدل ترنکلیک دولتیدین کیم    آسیلیب خرش فتراکیغه صید شهسوار اولدوم

سلیمان لیق ایرور تاپتیم که الیق آستان الحمره    نچه تحقیر ایسام بولدوم گدای اعتبار اولدوم

دیدهٔ اغیاردین کمنام اوزلیل رشتهٔ مهر نینک
وفاسیز سنگ دل دیکان سارتین استوار اولدوم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

یا شبستان ایچره آی دور شمع یا فانوس ارا    کونکلوم ایچره کون یوزونک نینک اوتیدین یاندورمایم

بیوفالیق سندین اوتنکا دیب کمانیم یوق ایدی    جرم ایکان سندیک وفاسیزغه کونکل الدورمایم

سین نچه بدعهدلیک ایلاسین من جفابرور عهد ایله    مندکا مشکل دور بو نقض عهد ایلاسینده دور ماغیم

من لبولبولدین یانماغوم یوزلانسه هجر تورار کرک بلا    قیلماغیل هرگز خیال ای زاهدا یازغورمانیم

عشق اوتیغه توشتونک ای کمنام توشکاندیک خلیل

ایش تمام اولسه کیلین بیهوده دور قایغورماغیم

کوز توتوب سهر جیماآلیک کورونک ایچره یانیمغیم    مهر سینکلیغ آچقدور کوزلاریم یوق تاپماغیم

کهف ایلی ینکلیغ یاتیب عشقدین برجام الحبیب    اول اویاندمینک قیامت بولسه یوق اویغانمانیم

ذهدایلی دیک ایکی ترلماسام ایرسیس عجب    خالیا پینکلغه باشیمنی قویدوم یوق آلماغیم

قعده عشقینکده اوتیرو کوزلاریم نظاره‌ی    نی قیام نی رکوع یوق اونک سولغه باقماغیم

یورسام تورسام ایرور سین سایه ینکلیغ همرهیم    وصل بولور ایرسه ایمیش مشکل سنی من تاپماغیم

وحدت ذاتینک محیط سوریله تفراغیدیک    کیم سیلور بولور ایش بولایسه سندین آیرالماغیم

# سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| برقیشررنما | [bärqi shärärnäma] | چاقماق چاقتۇرۇپ، ئۇچقۇنلار كۆرسەتكۈچى |
| برق | [bärq] | (1) چاقماق، چېقىن، يېشىن؛ (2) ئوت، ئالاۋ |
| شرر | [shärär] | ئۇچقۇن، يالقۇن |
| نما/نمای | [näma/nämay] | سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «كۆرسەتكۈچى، بىلدۈرگۈچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. |
| نهال | [nihal] | كۆچەت؛ كېلىشكەن قامەت |
| نقش تاب | [ṇäqshitạb] | ئاپتاپ |
| عيش خلوت | ['äyshi—i xilwät] | خالىي جايدىكى خۇشال تۇرمۇش |
| همتا | [hämta] | تەڭداش، باراۋەر |
| طوبى قد | [tubiqäd] | قەددى تۇبى دەرىخىگە ئوخشاش «ئىنزاھ» قاراڭ. |
| كرم | [gärm] | قىزغىن؛ يېقىملىق، ئوچۇق چىراي |
| ميش وسك | [mishu säg] | قوي ۋە ئىت |
| عضو | ['uzw] | ئەزا، گەۋدە بۆلەكلىرىدىن بىرى (قول، پۇتقا ئوخشاش) |
| سير | [siyr] | تويۇنۇش، قېنىش |
| رك | [räk/räg] | تومۇر، قان تومۇر |
| شهادت | [shähadät] | شاھىدلىق، گۇۋاھلىق |
| پيمانه | [päymanä] | مەي پىيالىسى قەدەھ |
| جذب | [jäzb] | تارتىش، مەھلىيا قىلىش |
| ابركريان | [äbr—i giryan] | ياش تۆككۈچى بۇلۇت |
| درج | [durj] | قىممەت باھا تاشلار سېلىنىدىغان قۇتىچاق |
| نيسان | [näysan] | باھار ئېيى |
| لت | [lättä] | لاتا، رەخت |
| پاس اتماک/اتمک | [pas ätmäk] | قورۇقدىماق، ساقلىماق |
| خلد | [xuld] | جەننەت؛ ئەبەدىيلىك، دائىملىق |
| كثرت | [käsrät] | كۆپلۈك، نۇرغۇنلۇق، جىقلىق |
| عنكبوت | ['änkäbut] | ئۆمۈچۈك |
| مكس | [mägäs] | چىۋىن |
| خاكسار | [xaksar] | تۆۋەن، پەس، خار، كۈچسىز |
| اطفال | [ätfal] | «طفل» نىڭ كۆپلۈكى، باللار |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| فتراك | [fätrak] | غانجۇغا |
| جرم | [jurm] | گۇناھ |
| يازغۇرماق | [yazghurmaq] | خاتالاشتۇرماق |
| خليل | [xälil] | «ئىزاھ» قا قاراڭ. |
| كهف | [kähf] | غار؛ كەھف ئېلى ـ غاردا ياشايدىغانلار |
| ايكريي و | [igriyu] | تىك تۇرالماسلىق |
| اولماغيم/الماغيم | [olmaghim] | ئالماق، كۆتۈرمەك |
| ذهد ايلى | [zuhd eli] | دۇنيادىن ۋاز كېچىپ ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى |

**ئىزاھ:**

20. جون [chun] چو [chu]

(1) ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ «خۇددى، دەك، تەك؛ كەبى، ئوخشاش» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

△ ***كونكلوم اوقى يراسيدين لالەلار اچتى چون جمن***

(ئۈنىڭ ئوقىنىڭ يارىسىدىن كۆڭلۈم خۇددى چىمەنزارلىقتىكىدەك لالىلەرنى ئېچىلدۇردى). — گۇمنام.

△ ***توروب محبوب اليده محبيغه***
***چوكل چاك گريان وقتى بولدى***

(ئاشىقلار يار ئالدىدا تۇرۇپ، گۈلگە ئوخشاش ياقا يىرتىدىغان ۋاقىت بولدى)
— ئاتائى.

△ ***چو اژدرهايى اتش دود سالور هربيشه كا اهيم***

(چەككەن ئاھىم ئوت چېچىپ تۇرىدىغان ئەجدىھادەك جاڭگالغا تۇتۇن تارقىتىدۇ)
— زەلىلى.

(2) بايان جۈملە ياكى خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۆزى قوشۇلغان جۈملىنىڭ باش جۈملىگە سەۋەب، ۋاقىت، شەرت قاتارلىق مەنىلەردە بېقىنىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

△ ***بس دور يراق اكر يوروب كل يوزيكا قراماقيم***
***كوزكا سالور چو تيرەليك كون يوزيكا نظارەدور***

(گۈل يۈزىگە يىراقتىنلا قاراپ يۈرسەم بولدى ‹باش جۈملە›، چۈنكى كۈنگە قارىساڭ كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ ‹سەۋەب بېقىنىدى جۈملە›) — گۇمنام.

△ ***چون جمالينك جلوەسى عالم كاسالدى رستخيز***
***قيلماغاى ايردى كوزوم انى تماشا كاشكى***

(جامالىڭنىڭ جىلۋىسى بىلەن ئالەمدە قىيامەت بولۇپ كەتتى ‹سەۋەب بېقىنىدى جۈملە›، كۆزۈم ئۇنى كۆرۈپ قالمىسا بولاتتى ‹باش جۈملە›.) — نەۋائى.

△ چودنیا اوجون قیلسانک عرض ونیاز
قیلاي سیزنی دنیا بیله سرافراز

(ئەگەر دۇنيا ئۈچۈن موھتاج بولىدىغان بولساڭ ‹شەرت بېقىندى جۈملە›، مال ـ دۇنيا بىلەن سېنىڭ قەددىڭنى كۆتۈرۈپ قوياي ‹باش جۈملە›.) —نىزارى.

(3) «چۈنكى» سۆزىنىڭ رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

△ چون یوق قاشینک غه بیتارکا حدیم
قاشینک غمیدین ایکیلدی قدیم

(قېشىڭنىڭ غېمىدىن قەددىم ئېگىلدى، چۈنكى يېنىڭغا بېرىشقا ئۆزۈمدە ئىختىيار يوق.) — نەۋائى.

(4) بەزىدە سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ تەكىت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

△ چوحکم ایلادی اول شه حکمران
خیالینک داکی ایشنی قیلغیل عیان

(ئۇ ھۆكۈمران شاھ، خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى ئاشكارىلىغىن، دەپ ھۆكۈم قىلدى) —نىزارى.

△ چو سوز بیرله انینک اسرارین ال

(سۆز بىلەن ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلگىن). —نىزارى.

21. اکر / اگر [ägär] کر / گر [gär]

اکرچه [ägärchä] کرچه [gärchä]

بەزى شەرت، قارشىلىق ۋە سەۋەب بېقىندى جۈملىلەرنى باش جۈملە بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن:

△ اکر کشتی لب دریا قیلورسن
کوزومکا کیلکی عمان حاجت ایرماس

(ئەگەر دەريا لېۋىنى بويلاپ تاماشا قىلماقچى بولساڭ ‹شەرت بېقىندى جۈملە›، كۆزۈمنىڭ قېشىغىلا كەل، دەريا ھاجەت ئەمەس) — ئاتائى.

△ کیشیکیم یوقتور مهرو وفاسی
اکر خورشید دور اندین نهحاصل

(مېھىر ـ ۋاپاسى يوق ئادەم قۇياش بولۇپ كەتسىمۇ ‹قارشىلىق بېقىندى جۈملە›، ئۇنىڭدىن نېمە نەپ ھاسىل بولىدۇ؟) — لۇتفى.

△ منی دردیمغه ایمدی ایلا درمان
کراولسام قالماغای کونکلومدا ارمان

(مېنىڭ دەردىمگە ھازىرلا داۋا قىل ‹شەرت بېقىندى جۈملە›، ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم كۆڭلۈمدە ئارمان قالمىسۇن) — صلاحى.

△ ای نوائی خلق دیرجان بیرو یاکیج عشقدین
کرچه بودشوار ایرورلیکین اول اساندورمنکا

(ئەي نەۋائى، خەلق يا ئىشقتىن كەچ، ياكى جان بەرگىن، دەيدۇ، گەرچە بۇ تەس بولسىمۇ ‹قارشىلىق بېقىندى جۈملە›، لېكىن ئۇ ماڭا ئاسان ‹باش جۈملە›)

— نەۋائى.

www.uyghurkitap.com

بۇ خىل ياردەمچى سۆزلەرنىڭ «كر/گر» [gär]، «ار» [är]، «ارچە» [ärchä]، «كرچند/گرچند» [gärchänd] شەكىللىرى كۆپرەك شېئىرىي ئەسەرلەردە قوللىنىلغان. مەسىلەن:

△ *پای بوسین کرتاپار ارتوق تمنا ایلاماس*

(ئايىغىغا سۆيۈشكە ئېرىشسىلا ‹شەرت بېقىندى جۈملە›، باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ (باش جۈملە)). — نەۋائى.

△ *اول یول ار باغلاندی اچوقدور بو یول*

(ئەگەر ئۇ يول توسۇلغان بولسا ‹قارشىلىق بېقىندى جۈملە›، بۇ يول ئوچۇق ‹باش جۈملە›) — نەۋائى.

△ *فلک بیدادیدین کرچندمن خاک وغبار اولدوم*
*تیلاب کیم تابماغایلار توتیالیقغه غباریم نی*

(پەلەكنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن مەن چاڭ - توپا بولۇپ كەتتىم (قارشىلىق بېقىندى جۈملە)، ئەمدى تۇتىيالىقىمۇ چاڭ - توپامنى تىلەپ تاپالمىسۇن ‹باش جۈملە›) — نەۋائى.

22. مكر [mägär] مكركه [mägärki] مكركيم [mägärkim]

جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ پەرەز، مۆلچەر، تەئەججۈپلىنىش تەرىقىسىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

△ *توكار غمزنک دمادم لطفی قانین*
*مکر کوز اوچیدین ایما قیلیب سن*

(سېنىڭ غەمزەڭ لۇتفىڭنىڭ قېنىنى دائىم تۆكىدىغان بولدى، بەلكىم سەن كۆزۈڭنىڭ ئۇچىدىن ئىما قىلىدىڭ بولغاي.)

△ *کیشی جهاندا رضا بیرلا ترک جان ایتماس*
*مکرکه سندین ایریغاي بیکیم قضا بیزنی*

(كىشى دۇنيادا ئۆزلۈكىدىن جاندىن كەچمەيدۇ، خانىم مېنى سەندىن قازا ئايرىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ.) — ئاتائى.

△ *ای نوائی هیچ بیلمان کیم تابیب من وصلینی*
*یامکرکیم جملهٔ عالم مسخردور منکا*

(ئەي نەۋائى، بىلەلمىدىم، يارنىڭ ۋەسلىگە يەتتىممۇ؟ ياكى پۈتۈن ئالەم ماڭا بويسۇنىدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟) — نەۋائى.

بۇ ياردەمچى سۆز بەزىدە «ئەگەر» سۆزىنىڭ رولىدا كېلىپ شەرت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

△ *مکر پادشاه بولماسه ادمیلار بربرینی نابود قیلورلار.*

(ئەگەر پادىشاھ بولمىسا، ئادەملەر بىر - بىرىنى نابۇت قىلىدۇ) — «ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن»

بۇ ياردەمچى سۆز بەزىدە ئۆزى قوشۇلغان جۈملىنى قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

△ *فراقينک نينک مکرکيم جانی يوقتور*
*مينی سينسيز تيريک مونداغ توتوبدور*

( گەرچە پىراقىڭنىڭ جېنى بولمىسىمۇ، مېنى سېنىڭدىن تىرىك ئايرىپ مۇشۇ ئەھۋالدا قويدى . ) —لۇتفى .

※ طوبي [tubi] : رىۋايەتلەرگە كۆرە، جەننەتتىكى تولىمۇ چىرايلىق بىر دەرەخ، جەننەت دەرىخى؛ كلاسسىك ئەدەبىياتتا يارنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە سىمۋول قىلىنىدۇ .

※ خليل [xälil] : ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خەلىلۇللاھ (خەلىل ـ دوست؛ خەلىلۇللاھ ئاللاھنىڭ دوستى) . ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى دېيىلىدۇ . ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 175 يىل ئۆمۈر كۆرگەن[1] .

① «قۇرئان كەرىم» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 628 ـ بەت) .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 9. ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى: «مەنتىقۇت ـ تەير»دىن پارچە

«مەنتىقۇت ـ تەير» (قۇشلار تىلى) XVIII ئەسىردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرىي ئەسىرى. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى مەزمۇنىدىكى مۇھىم ئەدەبىي يادىكارلىق.

ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى بۇ ئەسىرىنى ئىران شائىرى پەرىدىددىن ئەتتار (1145 — 1229)نىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» ناملىق ئەسىرىدىن ئىلھام ئېلىپ يېزىپ چىققانلىقىنى ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمىدا قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. بۇ جەھەتتىن شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەسىرى «مەنتىقۇت ـ تەير»دىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان يەنە بىر قىممەتلىك نامايەندە دېيىشكە بولىدۇ.

«مەنتىقۇت ـ تەير» دە ئاپتور سىمۋوللۇق خاراكتېرىدىكى بىر قانچە قۇشنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىنى بەدئىي ئۇسۇلدا ئىپادە قىلغان؛ قائائەت، سەۋر ـ تاقەت، يەكدىللىق، شەخسىيەتسىزلىك قاتارلىق ئەنئەنىۋى تېمىلارنى ئۆز نۇقتىئىنەزىرى بويىچە چۈشەندۈرگەن. ئاپتورنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير»نىڭ ئاخىرىدا «لوقمان ھېكىمنىڭ يۈز نەسىھىتى»نى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى شېئىرىي ئۇسۇلدا بايان قىلىشىمۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى بىۋاستە ۋە ئەمەلىي تەشەببۇس قىلىش ئىكەنلىكى ناھايىتىمۇ ئېنىق. شائىر كىتابىنىڭ بۇ قىسمىدا لوقمان ھېكىم تىلىدىن بېرىلگەن ئويلاپ سۆزلەش، نادانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىق، دانىشمەنلەرنى دوست تۇتۇش؛ ئالىملارنى، ئۇستازلارنى، ئاتا ـ ئانىلارنى، دوستلارنى ھۆرمەتلەش، ئەۋلادلارنى ياخشى خۇلقلۇق قىلىپ تەربىيىلەش، ياشلىقنى قەدىرلەش قاتارلىق پەند ـ نەسىھەتلەرنى چىرايلىق ۋە يەڭگىل تىل بىلەن ئىپادە قىلغان.

## 1. تېكىست (1)



www.uyghurkitap.com



بزده بر ایردی کوجه ایجا بیال — تورت یوز اچی عجب صاحب کمال

هر بیری ایدیلار مردی عجب — تاتار ایردیلار ریاضت روز و شب

هم علم هم علم ایچنده معتبر — هم عمل هم کشف ایچنده راهبر

قلمبش ایردی فرق ایلیک کبی کنار — عمر بیک ... پیدا اول شیخ کبار

کیجه‌لار دایم قلورایدی قیام — صایم الدهر ایردی اول ابدال تمام

کمکه اول جسم و روح بهاست — تولو ایردیلار و میدان اندرست

بر کیجه توشنده کوردی اول شیخ جوان — بت غیره سجده قیلور ایردی اول زمان

بت نه سجده قلدی اول روح غم باین — شیخ غمکین بولدی اول لم اودینا

شیخ ایتدی نیک قیلام جان نه — بخشی راقدر بر کجه ایمان نه

ایدی

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ایدی اصحابیغه اول شیخ جهان — روم ایلیگا عزم ایتالی بو جهان

بیلالی نیدور بو توشنینگ تعبیرین — بو نه مشکل ایش ایرور بولدی یقین

تبرادی تورت یوز مریدی عنبر — بادیه‌لار رهنوردی الالیدیب خبر

کردی روم شهریگا اول دانا کار — کوردی بر قصری بلند زرنگار

کوردی بر ترسا قزینی ماه‌روی — اولتورور تختیده زنجیری مشکبوی

شیخ انگا باقتی حیران قالدی زار — واله شیدا و مست بیقرار

شیخ مونداغ کوردی اول ماه‌روی — برقع آلدی اول زمان کورگوزدی روی

اوشتو تاپتی شیخ بیرک جانیغه — باقتی قالدی اول پری رو جانیغه

نه تفکری قالدی نه جانیدین — علم زهد طاعت ایمانیدین

یعنی

قیلدی شیخ ترسا بونی اختیار گیتدی ایماندین اوشول شیخ کبار

باقتیلار بونی بو مریدی معتبر مست حیران نیچه اوزیدین بی‌خبر

کوردیلار ایش هیچ انکا یوق اوشبو دردنه چارهٔ درمانی یوق

روز و شب توتدیلار عین انتظار تا بولا ایس دری زره آرام قرار

قالدی یا رب تیمدا اوزه نم بند بند بیه کره قلدی بیغم

عقلیکه صبرکه بیقرار بونه عشق دور بونه درد دور دشوار

همنشین ایتکیم ای شیخ کبار غسل قیل وسواسلی ایروز نهار

شیخ ایتی هر کیچه خون جگر ایله قیلدیم غسل ای بیخبر

بر کسه ایتدی ای پیر کهن بو کونیدین توبه قیلغیل سن بو کون

شیخ ایتی

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شیخ ایتی تو بو دین ناموس دین    دلق عزت خرقۀ سالوس دین

بر کمر ایدی ای دانای راز    سن اوزونکنی جمع ایتیب قیلغیل نماز

ایدی محرابم ایرور رویی نگار    تا ابد سیز قیلماغامن هیچ کار

براو ایدی غفلت ایله بو نیک سر    سجده قیل جعفر نگار بیل عذر خو

ایدی اول بت روی کورگوزدی وصال    سجده قیلماق اذکا بولنای محال

بکلر ایتی ای شیخ زمان    هیچ فرقیمان نه معبود بیل عیان

ایدی فرشته نام دُ سولدو بیلادیم    من بو رونق‌نینکا عاشق بولمایم

براو ایدی دیو الیب دور سینه    شیخ ایتی نوشلا انوذ دیوانه

براو ایدی بار یار قدیم    شیخ ایتی سن داغی بار غنیم

| | |
|---|---|
| براوایلر جمع فیل اصحابنی | ایزالله اول کعبه محرابنی |
| شیخ ایتدیکم زیارت کعبه‌نی | سن گزیب کلیسا و شول بتخانه‌نی |
| هیچ کرشمه‌نک یندی قالمادی اثر | جمله عالم اینک سوزیدین بیخبر |
| شیخ انک مستانه‌سی‌لا باشن قویوب | کیجه کوندوز عشقلا ایردی اولتوروب |
| کوردی بر کون شیخ نه زیبا نگار | سودیکیم تا بوله سن انتظار |
| ایدی عشقنک قلندر کوشیدا اوست | اول بت دین قلدیم الیکنه شکست |
| یا منکا کونکلونکنه برای کارساز | بو نیازیمنی کورب کویب قیلیم ناز |
| یا باشیمنی کس منکا یا بر مراد | جون سنکا یشنکا کیم توکشتی ابر زبرداد |
| سن منینک جانم اولتوریلما براتاتن | مقصودم اولدور بیل ای شاهی جهان |

قیراتی

قیز ایتی یا نبیل ای شیخ کبیر اوشبو دعوانگیز بیر ایرماس دلپذیر

بو سن من عزم سوز قیلیب قیل روان چونکه قصد بیرله قیلور قصد جان

شیخ ایتی قیزغه ای زیبا نگار عاشقینگ من کیچه کوندوز انتظار

عشق بولیدا اوبو شغلم جوان عشق بولمای بوس لاف در میان

قیز ایتی بول دعوا افکار خوار یوق ایرور اسلام دین ای بیکار

شیخ ایتی نه دیسانگ حکمونگ بیلا امر ایلیک بیتیب لدوم ای جانم جهان

قیز ایتی چونکه بولدونگ مرد کار قیلغیل ایمدی ترک اشیا اختیار

سجده قیل بت غه مصحف اوتغه سال ترک قیلغیل ایمدی بو ناموس حال

کیل شراب ایچ ترک قیل ایمان نی جونکه تابای دیدار یوق جانانمنه

شیخ ایتی

شیخ ایتی خملی بجایین ای نگار ‏ ‏ ‏ ‏ اوز کاسینی قیلمانگیز اختیار

قیز ایتی قلقیل المیز خمر نوش ‏ ‏ ‏ ‏ خم ایچیب قوپاسن اندین کین کورونک خروش

التی لار اولدیم ای بتخانه حکم ‏ ‏ ‏ ‏ دزبان شیکو دیلار خمخانه گا

سرودیلار بتخانه شیخ اول زمان ‏ ‏ ‏ ‏ جمله ایچیب لار کورتادیلار فغان

قیز بیله بتخانه دا ایچیب قوروب ‏ ‏ ‏ ‏ خم بیله ایچیلار ایکوال اولتوروب

صبح بولدی عمر بر اعشق یار ‏ ‏ ‏ ‏ بر هوس بولدی اول شولدیم صد هزار

قیز ایتی چو بکا بولدینک همدم ‏ ‏ ‏ ‏ یا قیل ایمانیدین منکا کیلیب بودم

چون بو سوزکا قیلدی اریش ملک اقتدا ‏ ‏ ‏ ‏ قوتیلدی ال الغیل عجابره را دا

شیخ ایک اعتقید ابرادی انتها ‏ ‏ ‏ ‏ الیب ابرادی کا قیلدی صبر قرار

ابدی عالیم

ایدی عالم قالماغای نیکخوی | تقصیرمنی سیز دوایت ای ماه روی
بولمادیم آگاه مست اولدوم مست | کویدوروب مصحفنی آلدوم بت پرست
قیلدیم ایتیچ ھیچ بولون تنگ مجرمیم | خوش او بولغایلار منینگ کبی محرمیم
عشق بولیدا اولماس ایرکان خام خام | خوش بولوب کیل پخته بولدونگ والسلام
جمله ترسالار غربتی یوق خبر | شیخ ترسا بولدی ایتیشور ایردیلار
مست بولوب شیخ کونگلی یارنی | بر دیلا باغلانگ تیوز زنارنی
شیخ الوب باغلادی زنارنی | او تونسالار خرقه و دستارنی
او دلکیم خمر قیلدی اختیار | بشکل او ایمان اسلام ایلی جفا — قلم یرال
اجماعانکه چون ایرور شیخی دار | جمله مرداریشی تمام ایرور توفار

سال

جمله یاروغلار زانلری در جعفر | جمله یاروقلار تیاریسین اندین جعفر
شیخ اینی قیدیغی ای معشوق جان | ایمدی نه قالدی ایست من قلمادن
خمر الجنیم بولدوم آخری هر ست | کویدوروب مصحفنی بولدوم ابت
شیخ ایدیم حب نت ابتجاله | قیلدی عشقنک جو نسخه دولت نازل
جونسنک عشقینک بیان وصل ابدی | هر نکم قلدیم امدیم وصل ابدی
قیزاتی شیخ قیامی اپلر سبر | من اغیر حقلیغ ایدیم سن برفقر
کاهینیم نه کوب کیرکت ودیسیم زر | سیم زر بیز یوقار سن کرشای انجبر
تا بماسانک سن سیم ز شیخ کبیر | بول اوزرو قونکنه هر ای لولنکه کبیر
شیخ اتی قیدیغکم امی سیم تن | کوزلنوب روبرل او کشل عهد نکنو من
ایکیه قلدینک

ایکه قیلدینگ سن منی خوش انتظار　　ای منینگ کرشمه که بیر کیل قرار

اولتورمان قیلیم سنگا من اقتدا　　توت یوزا حجاب بولدیلار جدا

اول فراق بیرله فراق من تن هلای　　کویدی بو جان جگر من نه قیلای

قیلدی عشقینگ کوز یاشیم نه بهره بر　　اوشبو اثری معقودوم ای سیمبر

من سنگا کویدوم ابا کوهر سرشت　　سن سنین اولدونگا دوزخ بهشت

قیزاتیب بولماس شیخ کبار　　قل توکوز کوتاکی بر سیل اظهار

اوشبو خفت اقی انکیم تولسیل　　مقصودینگ حاصل بولیب قال قیل

شیخ خوب تی اولتورمان فرمان توبه　　بر سیل آلیب کیت تونکوزلار سن کوتوب

هرکیشی نیک کونکلیدا بر خوبی بار　　کیم کونا ابا اوستا دیدار یار

سن فغان ایلاکه ای یار بوالهوس　　بو خطرلار شیخقا اوق توشتی بس

هر کیشی اوز خودیدین آگاه ایماس　　سخت غافل دور اگر مرد راه ایماس

هر کیشیگا بار دور اوشبو خطر　　ایلگیل ای نحس و افلام سقر

دیگر مثل

بولسانگ اول مردانه لار عقلی مکار　　هم بت هم خوک گویدا رس صدهزار

خوک بتخانه گویدور ای دانای کار　　شیخ خوک بولغالی بولدی اوستوار

کوربلار شیخنی کم غمتار خراب　　یاری برما قلدی اصحاب اجتناب

بر مریدی یار ایدی شوخ جفت　　شیخ فسق ایدی بو لا فعل نهفت

اول ایتی فلان لا غم بی جان　　نه بولوردی آشکیل او سوزار

صبح امیز ترسا بولانالر بوله　　صبح بولوب ایندی والی تیز کیله

بجوزنکم

www.uyghurkitap.com

# سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| باطن | [batin] | ئىچكى تەرەپى، ئىچ؛ كۆڭۈل |
| صيقل | [säyqäl] | پەردازلاش، پارقىرىتىش: صيقل اورماق ـ پەردازلىماق، پارقىراتماق |
| منظر | [mänzär] | كۆرۈنۈش؛ نەزەر تاشلىنىدىغان |
| رازجوى | [razjoy] | سىر ئىزدىگۈچى، سىرداش |
| خضر | [xizr] | «ئىزاھ» قا قاراڭ. |
| فتح | [fäth] | (1) ئېچىلىش؛ ئېچىش؛ (2) بويسۇندۇرۇش، قولغا كىرگۈزۈش |
| باب | [bab] | (1) ئىشىك، دەرۋازا؛ (2) كىتاب بۆلۈمى |
| مدام | [mudam] | (1) دائىم، ھەرچاغ (2) مەي، شاراب |
| اسكندر | [iskändär] | «ئىزاھ» قا قاراڭ. |
| درميان | [därmiyan] | ئوتتۇرىدا، ئارىدا |
| زمره | [zumrä] | جامائەت، گۇرۇھ |
| پنجاهسال | [pänjah sal] | ئەللىك يىل |
| گذار | [guzar] | ئۆتكۈزگۈچى؛ ئۆتكۈنچى؛ يول |
| صايم الدهر | [sayimud—dähr] | يىل بويى روزا تۇتقۇچى |
| ترسا | [tärsa] | خرىستىئان دىنىدىكى |
| واله | [walä] | بېرىلگەن، مەپتۇن |
| برقع | [burqä'] | پەردە، نىقاب |
| روحانى | [ruhaniy] | روھقا مەنسۇپ، جىسمانىي بولمىغان |
| زهد | [zuhd] | دۇنيادىن ۋاز كېچىپ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئېتىقاد |
| دشوار | [dushwar] | قىيىن، ئېغىر، مۇشكۈل |
| دلق | [dälq] | دەرۋىشلەر كىيىمى |
| سالوس | [salus] | رىياكارلىق |
| محال | [muhal] | مۇمكىن بولمايدىغان ئىش |
| ايلتماك | [eltmäk] | ئېلىپ بارماق، ئېلىپ كەتمەك؛ ئازدۇرماق |
| نشست | [näshäst] | ئولتۇرۇش، تاۋاپ قىلىش |
| اوستوار | [ustuwar] | چىدامىلىق، مەھكەم |
| پيكار | [päykar] | ئۇرۇش، جەڭ؛ جېدەل |
| مصحف | [mus'häf] | كىتاب، قۇرئان |
| ردا | [rida] | دەرۋىشلەر كىيىمى |

| | | |
|---|---|---|
| نیکخوی | [nek xuy] | ياخشى خۇي، گۈزەل قىلىقلىق |
| ماەروی | [mahroy] | ئاي يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق |
| محرم | [mähräm] | قېرىنداش؛ ئۈلپەت، دوست، سىرداش؛ خۇسۇسىي خىزمەتچى |
| اويوماق | [uyumaq] | ئۇخلىماق |
| مىردار | [murdar] | ناپاك، هارام |
| يازوق/يازۇغ | [yazuq/yazugh] | گۇناھ؛ ئەيىب |
| سرکشته | [särgäshtä] | بېشى ئايلانغان، سەرگەردان، ھەيران |
| سیمبر | [siymbär] | كۈمۈش بەدەن؛ ئاپئاق، گۈزەل |
| اوق | [oq] | سۆزلەرگە قوشۇلۇپ: خۇددى، ھامان، شۇ زامان، پەقەت، ...لا، قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. |
| نحس | [nähs] | تەلەيسىز، بەختسىز، تەتۈر پېشانە |
| اجتناب | [ijtinab] | چېكىنىش، ئايرىلىش |

**ئىزاھ:**

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدىن پەرقلىق بولغان تۈۋەندىكىدەك شەخسلىك شەكىللىرى كۆرۈلىدۇ:

(1) I شەخس بىرلىك تۈرى

«ورمن» [urmän/ürmän]، «ادورمن» [adurmän]، «ادورمن» [ädürmän]، «ارمن» [armän]، «ارمن» [ärmän]، «غوم - غومدورور» [ghum—ghumdurur]، «قوم» [qum]، «كوم» [güm/küm]، «غايمن» [ghaymän]، «كايمن» [käymän/gäymän]، مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| بارورمن | - بارادورمن | - بارىمەن |
| كورورمن | - كورادورمن | - كۆرىمەن |
| اوچارمن | - ئۇچىمەن | |
| فرياد ايتارمن | - پەرياد قىلىمەن | |
| الغوم | - الغوم دورور | - ئالىمەن |
| بارغوم | - بارغوم دورور | - بارىمەن |
| اچقوم | - اچقوم دورور | - ئاچىمەن |
| بارغايمن | - بارىمەن، ساقلاغايمن | - ساقلايمەن |
| كوركايمن | - كۆرىمەن | |

كۆپلۈك تۈرى

«دوك» [dük]، «ادورميز» [adurmiz]، «ادورميز» [ädürmiz]، «اورميز» [urmiz/ürmiz]، «غايميز» [ghaymiz]، «كايميز» [gäymiz/käymiz] مەسىلەن:

چيقدوك - چىقتۇق

بارورميز - بارادورميز - بارغايميز - بارىمىز

www.uyghurkitap.com

كورارميز ـ كورادورميز ـ كوركايميز ـ كۆرمىز

I شەخس كۆپلۈك شەكلى «مىز» بەزىدە «بيز» [biz] فورمىسىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

باراربيز ـ بارمىز، باردۇق

كيلوربيز ـ كېلىمىز، كەلدۇق

△ ***شاەفرنك قاشيندين كيلوربيز*** (پەرەڭ شاھى قېشىدىن كەلدۇق)

(2) II شەخس بىرلىك تۈرى

«ورسن» [ursän]، «ورسيز» [ursiz]، «ارسن» [arsän]، «ارسن» [ärsän]، «ادورسن» [adursän]، «ادورسيز» [adursiz]، «ادورسن» [ädursän]، «ادورسيز» [ädursiz]، مەسىلەن:

بيلورسن — بىلىسەن، بيلورسيز ـ بىلىسىز

***نەاوچون بوزارسن*** — نېمە ئۈچۈن بۇزىسەن؟

***نيكا كيتارسين*** — نەگە كېتىسەن؟

***نيمه قيلا دورسن*** — نېمە قىلىسەن؟

***كيلادورسن*** — كېلىسەن

***قيدين كيلادورسيز*** -- قەيەردىن كەلدىڭىز؟

كۆپلۈك تۈرى

«ورسيزلار» [ursizlar]، «ارسيزلار» [arsizlar]، «ارسيزلار» [ärsizlär]، «ادورسيزلار» [adursizlar]، «ادورسيزلار» [ädursizlär]، مەسىلەن:

***قيدين كيلورسيزلار*** — قەيەردىن كەلدىڭلار؟

***عقل بيلا اعش قيلارسيزلار*** — ئەقىل بىلەن ئىش قىلارسىلەر.

***مونى نيمه قيلادورسيزلار*** — بۇنى نېمە قىلىسىلەر؟

سوئال شەكىللىرى بەزىدە II شەخس ئالمىشىنىڭ ئالدىغا «مۇ» قوشۇلۇپ ئىپادىلەنگەن، مەسىلەن:

***انى بيلورموسن*** — ئۇنى بىلەمسەن؟

II شەخس بىرلىك سىپايە شەكلى «سىز» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ھاللاردا II شەخسنىڭ ھەم بىرلىك، ھەم كۆپلۈك سىپايە تۈرى سۈپىتىدە ئوخشاش قوللىنىلغان. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| الينك | [aling] | ئېلىڭ، ئېلىڭلار |
| اليسيز | [alisiz] | ئالىسىز، ئالىسىلەر |
| الدينكيز | [aldingiz] | ئالدىڭىز، ئالدىڭلار |
| السانكيز | [alsangiz] | ئالسىڭىز، ئالساڭلار |

△ ***سيزلار مونى السانكيز الينك***

(سىلەر بۇنى ئالساڭلار ئېلىڭلار.) — «چاھار دەرۋىش».

(3) III شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك تۈرى ئۈچۈن كۆپرەك «ديلار» [dilar/dilär]

شەكلى قوللىنىلغان. مەسىلەن:

كيلديلار [käldilär] كەلدى، كېلىشتى

بارديلار [bardilar] باردى، بېرىشتى

* خضر [xizr]: رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئابىھەيۋان (تىرىكلىك سۈيى) نى ئىزدەپ تاپقان ۋە ئۇنىڭدىن ئىچىپ، دائىمىي تىرىك يۈرگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ نامى. كىشىلەرگە ياردەم بېرىش، دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن مەشھۇر.

* اسكندر [iskändär]: ئىسكەندەر زۇلقەرنەين؛ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «خەمسە» تەركىبىدىكى «سەددى ئىسكەندەرىي» ناملىق داستانىنىڭ باش قەھرىمانى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تېكىست (2)




الوداع ای شیخ عالم الوداع
قلدیلار اصحابلار عزم حجاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شیخ برله بارماغان آیری سفر | بو سفرده بو تاب ایدی اول راهبر
اول اولادی کوردی شیخ ننگ | نی کیجب و صفرده اهوالینی
ایدیلار شیخ توننه ترسالاری بیلین | هم توتولغوز کوتماکلیکی بولدی بیلیب
اول مرید ایستی ایرو بوجولب | یغلابو قلدی عجایب اضطراب
اول او لاغ ایدی ای تیرد امناع | عشق بولیدا ابا جانیکیز ایر ورزنان
جونکی اول ایرداب کز دست وفا | آخری مونداغ قیلور سیز جفا
مونداغ ایش لار توتسه آخر صد هزار | مونداغ ایش نی تزمکان نیکی یار
شرم توتمای باری نیکیز ای بیوفا | اوشبو ایش لار کیم قیلیب سیز سیز خطا
